# قانىرەڭلىك شەپەق (پوۋېست)

- 

ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن

جەنۇبنىڭ قۇرغاق يازلىرىدا بولۇپمۇ تومۇزدا كۈندۈزلىرى پىژغىرىم ئاپتاپ جاننى قاخشاتسىمۇ كېچىلىرى خېلى سالقىن بولۇدۇ. كېچە-كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى بۇ يەردە مېۋىلەرنى «جەننەتتىن چىققان» دېيىشكە سەۋەپ بولۇدۇغان دەرىجىدە شېرىن قىلىۋېتىدۇ. ئاشۇ بال تەملىك مېۋىلەرنىڭ كانى بولغان بۇ تۇپراقلارنىڭ كۈندۈزدىكى كۆرۈنۈشىگە قارىسا ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك نامراتچىلىق پۇراپ تۇرۇدۇ. ۋەيرانە كەپىلەر، يىرىم ئۈچۈق چەللىلەر، ئۆرۈلۈپ كەتكەن قوتانلار، چۇۋۇلغان چىتلار، توپا ئۆرلەپ، بوغۇناق چاڭ بېقىسىپ تۇرغان يوللارغا قارىغان ئادەم بۇ ماكاندا ياشىغىلى بولمايدىغاندەكلا ھىس قىلىشى مۇمكىن.

ئەمما ئەسىرلەردىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر دېھقىنى ئاشۇ ئەسكى ئۆيلەردە بولۇشىغا قارىماي، قارىنى - كۆكسىنىڭ كەڭلىكى، مەرتلىكى، مېھماندوستلۇقى بىلەن يولۇچى، سەيياھلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆچمەس ئەستىلىكلەرنى قالدۇرۇپ كېلىۋاتاتىدۇ. ھەم دەل ئاشۇ مەرتلىكى، مېھماندوستلۇقى، ساددىلىقى قەھرىمانلىق دەۋرىدىلا ئاقىدىغان خىسلەتلەر بولغانلىقى، بۆگۈنكىدەك ئەقىل ۋە پەنت دەۋرىدە ئاقمايدىغانلىقى تۈپەيلىدىن بۇ بىچارە خەلق ئەنە شۇ خىسلەتلىرى تۈپەيلى زىيان تارتىپ كەلمەكتە.

كۈندۈزدىكى چېقىر ئاپتاپنىڭ ئەكسىچە خۇپتەندىن باشلاپ جانغا ھوزۇر سالقىن باشلىنىدۇ. قاياقتىندۇر ئېزىققان ياكى نەدىدۇر «قېيىلىپ قېلىپ» بىردىنلا قويۇۋېتىلگەندەك، «غۇر»قىلىپ يۈزگە ئۇرۇلۇدۇغان سالقىنلار شۇنچىلىك راھەتبەخشكى، ئۇنىڭ يېقىملىقلىقىنى تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. كېچىنىڭ سىرلىق مېھمىنى كەبى مەيىن سالقىندا شىلدىرلىغان دەرەخلەر، ئۆيلەرنىڭ ئارقىلىرىدىكى چەكسىز كەتكەن ئېتىزلاردا پىشىرىپ تۇرغان قوناقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى كېچە جىملىقىنىڭ سۈپىتىنى بۇزالمايلا قالماي، خۇددى جىملىقنىڭ كەمتۈكىنى تولۇقلاش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئېلېمېنتتەك، جىمجىتلىقنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى بىلەن بىرىكىپ كەتكەنلىكى سېزىلىدۇ. نەدىدۇر چېكەتكە چىرىلدايدۇ. بۇ جىمجىتلىقنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇدۇغان بىر ئاملدەك، ئۇنىڭسىز جىمجىتلىقنىڭ سۈرىنى تولۇقى بىلەن ھىس قىلىش مۇمكىن ئەمەستەك بىلىنىدۇ. بولۇپمۇ كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتەن بىرىدە راھەتبەخشلىك ھاۋا تېخىمۇ ۋايىغا يېتىپلا قالماي، ئۇنىڭغا گۈزەللىك قاتقان جىمجىتلىقمۇ ئەڭ مۇكەممەللىشىدۇ.

بۇرۇنلاردا بۇنداق جمجت كېچىلەرگە يەنە بىر زىننەت بولۇپ، كېچىلىك سۇچىلارنىڭ چەكسىز كەتكەن ئېتىزلارنىڭ قەيەرلىرىدىندۇر ئاڭلىنىدىغان سەھرا ناخشىلىرى ياكى كەچ قالغان جاڭگالچىلارنىڭ ناخشىسى قوشۇلاتتى. ئاۋال ئۇزاقلاردىن يۈرەكنى يېقىملىق پەپىلەنگەندەك، مېھر-مۇھەببەتتىن لەرزىگە كېلىشكە ئوخشاش ھاياجانغا سالىدىغان مۇڭلۇق كۈيلەر، بارا-بارا يېقىنلىشىپ، ناخشىچىنىڭ ئېشىكنى ھەيدىگەن، ئاۋازلىرى، ئېشەكنىڭ پۇشقۇرۇشلىرى، ئاندىن ئاياق تىۋشلىرى پىشايۋانلاردا ئۇيقۇسىز خىيال سۈرۈپ ياتقان رومانتىك ھىسلىرى ئويغۇنۇۋاتقان يۈرەكلەرگە تەسەللىي بولاتتى؛ ئەللەيلەيتى؛ ھەتتا كونا قەلب جاراھەتلىرىنى تاتىلاپ، يىغلىغۇسىنىمۇ كەلتۈرەتتى.

بۇ كۈنلەردە بولسا جاڭگاللارغا بېرىشمۇ، بارغۇدەك جاڭگاللارمۇ قالمىغاچقا، كېچە يولۇچىلىرىنىڭ جىملىقتا زىننەت بېرىشى كەملىگەن ئىدى. سۇچىلارمۇ ئېتىزلارغا سۇ باشلاپ قويۇپ، بىرەر جىگدىنىڭ تۈۋىدە مۈگدەپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندا — ئاۋغۇستنىڭ 4- دە قەشقەر سەمەن يولىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن يۈرەكلىرى تىترەپ كەتكەن خىتايل ھۆكۈمىتى يېزا-كەنتلەر ئارا توساق قۇرۇپ، كېچىسى يۈرۈشنى چەكلىگەنلىكتىنمۇ، كېچىلىرى ئاندا-ساندا بولۇپ قالۇدۇغان يولۇچىلارنىڭ ئاياق تىۋشلىرىمۇ ئۈچكەندەك قىلاتتى.

كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى تەقۋادارلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان ئەڭ ياخشى پەيتى، مانا بۇ ۋاقىتتا پەرىشتىلەر پېرىنچى ئاسمانغا تۆۋەنلەپ، ئۇلارنى ئىبادىتى، دۇئالىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھتىن ئۇلارغا كاتتا ئەجىر تىلەش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرۇدۇ. «مۆمىننىڭ مىراجى» دەپ ئاتالغان نامازنىڭ مانا بۇ مەزگىلدىكىسى ئەڭ ئەۋزەل رەمەت دەرۋازىلىرىنىڭ ئېچىلغان ۋاقتى دەپ بىلىپ، تەقۋادارلار تەھەججۇت نامىزى ئۈچۈن ئۇيقۇنىڭ شېرىن دەملىرىدىن كېچىشىدۇ. ئەگەر مۇشۇ غېرىبانە يېزىدىمۇ تەقۋادارلار بار بولسا، ھېلىلا جىمجىتلىقنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىگە دەز كەتكىلى تۇرۇدۇ؛ ئارقىدىن سەھەرچى قۇشلار، ئاندىن سەگەك ھايۋانلار يېزىنى ئۆز شاۋقۇنلىرى بىلەن تولدۇرۇشۇدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ كۈندىكىدەك بىركۈنلۈك ھايات باشلىنىدۇ.

قەيەردىدۇر ئۆلگۈجىكى ياغسىراپ كەتكەن دەرۋازىلاردىن بىرى غىچىرلاپ ، ئارقىدىن بىرىنىڭ گېلىنى قىرىپ يېنىك يۆتەلگىنى ئىشتىلدى. بۇ يۆتەل بولۇپ قالغانلىقتىن ئەمەس، سەھەرلەردە ھەمىشە گالنى قېقىش، ئۆزىنىڭ راستىنلا ئويغۇنۇپ ئورنىدىن تۇرغان ۋە ھاياتلىق ھەركىتىنى باشلىغانلىقنى سىناپ كۆرۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەتلەنگەن يۆتىلىش ئىدى. ئارقىدىن تېخىمۇ يېقىنراقتىن يەنە بىر دەرۋازىنىڭ تېخىمۇ بەك غاتىلداپ ئېچىلغىنى ئاڭلاندى.

توپۇلۇق يېزا يولىدا ئاۋال ئىككى ئادەمنىڭ ئارقىدىن ئۈچ ئادەمنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ مەھەللە مەسجىدى تەرەپكە بۇرۇلۇشى ئۇلارنىڭ پەرەز قىلىنغان تەقۋادارلار جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. ئەڭ ئەۋۋەل مەسجىتكە كىرىپ، ئىشىكنىڭ يان تېمىنى سىپاشتۇرۇپ، چىراق ياققۇچىنىڭ يىپىنى تېپىپ تارتىشى بىلەنلا ئىككى تۈۋرۈكلۈك كىچىك مەسجىدنىڭ ئىچى يورۇپ كەتتى. يورۇقتا ئۇنىڭ بايىدىن قاراڭغۇلۇقتا كۆنگەن بىر ئاز ئوراكۆزلىرى ئىگىز قاپاقلىرىنىڭ سايىسىدا بولسىمۇ يۇمۇلۇپ كەتتى. سەلدىن كېيىن كۆنۈككەندەك ئەسلىگە كەلدى. سىم بۇرۇتى ئۆزىگە ياراشقان بۇ يىگىتنىڭ ئورا كۆزلىرىدىن بولسا توختالغان پىشقەدەملەرگە خاس تەمكىنلىك بىلىنەتتى. قويۇق قارا چاچلىرى نىمكەشرەك دوپپىسىدىن تېشىپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ كۆزلىرى چىراق يورۇقىنىڭ قاماشتۇرۇشىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىنلا بىر تۈۋرۈكنىڭ ئارقىسىدا نامازغا تۇردى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دېگۈدەك سوكۇلدۇشۇپ كىرگەن بودەك يۈزلۈك، ئىنچىكە، قويۇق چاچلىق، يۇمۇق كۆزلۈك، سىمساقال يىگىت بولسا، ئۈن-تىنسىزلا ئۇنىڭ ئوڭ يېنىغا بېرىپ سەپ بولۇپ نامازغا قۇلاق قاقتى.

ئۇلار تېخى بىرىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بارماستىن ئۈچ يىگىت ئارقىمۇ ئارقا كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ئالدىدىكىسى كىچىككىنە كۆزلىرى يۇپ-يۇمۇلاق، قىسقا بۈدرە چاچلىق، بىلىنەر-بىلىنمەس قارىداپ تۇرغان بۇرۇتى يېزا ئەمگەكلىرىدە كۆيگەن بولۇشىغا قارىماي، تېگىدىن ئاقلىقى بىلىنىپ تۇرۇدۇغان بىر ئاز سوزۇنچاق يۈزىگە خوپ ياراشقان ئىدى، زىلۋا بويلۇق، شوخ، تېنىمسىز كۆرۈنۈشلۈك، يوغان قۇلاقلىرى بىر ئاز ئالدى تەرەپكە داردايغان يىگىت ئىدى. ئارقىدىن يەنە قويۇق چاچلىرى پاخپايغان، يۇمۇق كۆزلۈك، لەۋلىرى نېپىز، قىسقا بويۇنلۇق يىگىت؛ ئارقىدىن يۇمۇلاق يۈزلۈك، ساقال-بۇرۇتلىرى تولۇق ئېڭىزلانمىغاندەك قارىداپ تۇرۇدۇغان بىر يىگىت كىرىپ كەلدى.

ئۇلاردىن بېشىغا ئۇيغۇرلارغىلا خاس بولۇپ ئۆزلۈشۈپ كەتكەن شەپكە كەيگەنلىرى شەپكىلىرىنىڭ چېكىلىكىنى ئارقىسىغا بۇراپ قويۇپ، سەپنىڭ داۋامىغا كېلىپلا نامازغا قۇلاق قېقىشتى. ئەڭ ئاۋال كىرگىنىگە ئەگىشىۋاتامدۇ، ياكى ھەربىرى ئۆز ئالدىغا ئوقۇۋاتامدۇ بەك ئىلغا قىلغىلى بولمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدە ھەركەتلىرى بەك ئارىلىقلىق ھالدا پەرقلىنىپ كەتمىدى. ئەمما ئۇلار شۇنچىلىك ئۇزاق-ئۇزاق سەجدە قىلىشتىكى، بىرى ئۇلارنى سەجدىدە تۇرۇپ ئۇخلاپ قالدىمىكىن دېگۈدەكلا ئىدى.

باشتىكىسى ئۇزاققا سوزۇلغان ئىككى رەكئەت نامازنى تۈگىتىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئاۋال ئەرەپچە دۆرتلەرنى، دۇئالارنى پىچىرلاپ ئوقۇدى. ئۇ چاغقىچە باشقىلارمۇ سالام بېرىپ، نامازلىرىنى تۈگەتتى. ئاندىن ئۇ ئاۋازىنى پەس ئەمما ھەممە ئاڭلىغۇدەك چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن دۇئا –تىلەكلىرىنى داۋام قىلدى:

—ئى ئاللاھ، ھىدايەت ئارقىلىق كۆزىمىزنى ئاچقىنىڭ ئۈچۈن، ھەقنى، ناھەقنى تونۇتقۇنۇڭ ئۈچۈن يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى. ئەمدى بىزگە ھەقسىزلىققا قارشى، زۇلۇمغا قارشى روھ ئاتا قىلغايسەن؛ مۇناپىقلىقتىن ساقلىغايسەن؛ پاك روھىمىز بىلەن شېھىت بولۇشنى نېسىپ قىلغايسەن؛ بىز سېنىڭ غەزىپىڭدىن، ھىساپ كۈنىدىن قورقۇمىز؛ شۇڭا بىزگە بېرىلگەن ئىمانىڭ ئەمەلىي سىناقلىرىدىن ئۆتۈشكە، ئۆمۈرنىڭ ۋە بارلىق سەن ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ ھىسابى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى تەييارلاشقا بەل باغلىدۇق! زۇلۇمغا سەبىر قىلىش مۆمىنلىك ئەمەس، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ئاللاھ رىزاسى يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا سەبىر قىلىپ، نىشانغا يەتمىگۈچە ياكى شېھىت بولمىغۇچە توختىماسلىق مۆمىنلىكتۇر. بۇنى بىلدۈرگىنىڭ ئۈچۈن ساڭا ھىساپسىز ھەمد سانا بولسۇن! ئى ئاللاھ، سېنىڭ رىزالىقىڭ، مۆمىن قېرىنداشلىرىنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پىدا قىلغان قېرىنداشلىرىمىز قۇربانجان ۋە ئابدۇراھمانلارغا پىردەۋس جەننەتلىرىدىن ئورۇن بەرگەيسەن. بىزگىمۇ ئاشۇنداق جاسارەت ئاتا قىلغايسەن! رىزالىقىڭ ئۈچۈن جىھىندىمۇ، مېلىدىمۇ كېچەلەيدىغان پىداكارلاردىن قىلغايسەن!.... ئامىن!

ھەممىسى تەكشلا «ئامىن» دېيىشىپ، ئۆز ئىچىدە پىچىرلاپ دۇئا قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يۈزلىرىنى سىپاشتى. ئۇلار سەپلىرىنى بۇزۇپ، ئۇ يەر، بۇ يەرگە تارقىدى. ئىككى تۆۋرۈككە ئىككىيلەن يۆلىنىۋالدى. ئاندىن ئاۋال كىرگەن يىگىت ئېغىز ئېچىپ:

— توساقلانىڭ ئەھۋالى قانداق، مىشاغا باغچە،... — دېۋىدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يوغان قۇلاق، شوخ كۆرۈنۈشلۈكى:

— ئۆزىمىزنىڭ ژۇتى تۇرۇپ، ئىشۇ گۇيلىنىڭ توسىقىدىن قوقاپ ئولتۇرىمىزما؟ — دېدى.

— بەك ساددا ئويلىمىسىلا ئابدۇسالام قارى، ھەممە ئىش ئاسانلام سىلىگە قاسا.

— ھە، شۇ، — دېدى ئۇ بوش كەلمەي، —توساق شۇ قىرىقئېرىق، خالتا پىلال، ئاقمىچىت يولى تەرەپتىكەنغۇ، ھەممىزنىڭ كىملىكىمىز با، ماۋۇ ئاداشلىنىڭ شەگە بېرىپ كېلىمىز دەپ ئاغان خەتلىرىمۇ باكەن، كېتىۋېرىمىز، بەك ئەنسىرەپ كەتمەكلا ئابدۇرېھماخۇن.

— هازىرۋاغا، ياش بالىلىنىڭ بىزىيەدىن بىزىيەگە ماڭغانلىرىدىنمۇ گۇمان قىلىدىغان بولاپ كەتتى، دىققەت قىممىساق بولمايدا، — دېدى ئابدۇرېھىم يەنە.

— ئاااا! ما ئاداشنى! يامىنىغا كەسە ئۇندا ماڭماي، چارەكئېرىق، قارا جىلغا تەرەپ بىلەن مېڭىپ، چوكانيارغا چىقامدۇق. ئاندىن چوكانياردىن مىشاغا بارىدىغان يولغا چىقىمىز.

— مېنىڭچە شۇنداق قىساق بولۇدۇغاندەك قىلىدا... بۇ گەپلەنى قىلىشمايلى، مەزىنىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولاپ قالدى.

ئاندىن يانلىرىدىن كىچىك قۇرئان چىقىرىپ، ئوقۇشقا باشلىدى.

مانا شۇ چاغدا تالادا — يېزىنىڭ ئۇزاق بىر يېرىدىن خورازنىڭ چىللىشى ئاڭلاندى. ئارقىدىن ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك بىر نەچچە يەردىن ئۇنى جاۋاپلاپ، باشقىلىرى چىللىدى. بىردەمدىن كېيىن بىر يەردىن ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنى ئىشتىلىپ، ئارقىدىنلا بىرنەچچىسى ئاۋاز قوشۇشتى. بۇ يېڭى بىر كۈنىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

تاڭ سۈبھىسىنىڭ ئاقىرىشىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل ئىگىزلىكتە سېلىنغان قىڭغىر-قىشىق يېزا ئۆيلىرى ئوچۇقراق كۆرۈنۈشكە، ئەنە شۇ خىلمۇ-خىل سەۋىيەدە سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى، دەرۋازىلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. ياشلارنىڭ تونۇپى مەسجىدكە كېلىپ بولغاندىن كېيىنكى تۈنجى كىشى بولۇپ بىرى كوچىغا چىقتى ۋە يېزا ئۆيلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئىگىزلىكى بىلەن بىلىنىپ تۇرۇدۇغان مەسجىتكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

ئۇ نامازغا ئەزان ئېيتىش ئۈچۈن ئۆگزىنىڭ پەللەمپىيى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، بىردىنلا مەسجىت چېرىقىنىڭ يېنىق تۇرغىنىدىن بىر ئاز تەئەججۈپلەنگەندەك قىلىپ، گال قىرىپ، قۇرۇق يۆتىلىپ قويدى-دە، ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئاچتى.

— ۋاھ، ماشائاللاھ دېگۈلۈك جۇما، مۇشۇ كەمنىڭ ياش باللىرى بەك تەقۋا بولاپ كېتىپ بارىدا جۇما، — دېدى ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپلا، — نېمە، مەچىتتە تۈنۈمگەنسىلە، ئابدرېيىماخۇن؟

— ياقەي، قاسىمكا، بىزمۇ تېخى ئالدىلىرىدا چىرىپ تۇرۇۋتۇق، —دېدى سىم بۇرۇۋتلۇق ئەۋەل كىرگەن يىگىت، — بەك ئەتتىگەنمۇ ئەمەس، نامازنىڭ ۋەختى چىدى، زادى. ئەزان ئېيتىۋەسىلە.

— هە هە،... ماقا، ماقا (ماقۇل)، مەن ئەزان ئېيتىۋېتىپ ئاندىن ئوتتۇراي جۇما، — دېدى قاسىم مۇئەززىن، ئەمما نېمىشكىدۇر هويلىغا چىقىشقا ئالدىرىماي، هەر بىر ئادەمگە زەن سېلىپ قاراپ، باش لىڭشىتىپ سالاملىدى. ئاندىن سۆرۈلۈپ دېگۈدەك سىرتقا ماڭدى.

ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىگىلا ئابدۇرېهىم:

— بىز بىر ئىشنى نىيەت قىلىۋاتقان ئادەم بوغاندىكىن، دىققەت قىساق بولىتى، باللا، — دېدى ئۇ كايىغاندەك قىلىپ، —نامازنى ئۆيدە ئوقۇساقمۇ بولىتى، بەك تەقۋالىقىڭلا تۇتۇپ كەتتى،...

ئارىنى ئۇزاق سۈكۈت باستى. سۈكۈت ئېغىر قوغۇشۇندەك يۈرەكلەرنى بېسىۋالدى. بىر هازادىن كېيىن سۈكۈتنىڭ مۇجۇشىغا تاقىتى چىدىمىغاندەك:

— نىم بولدى، نىم بولدى؟ ئابدۇرېيىم؟ — دېدى زىلۋا بوي، يوغان قۇلاق يىگىت.

— ياق، هېچنېمە، ئابدۇسالام، باشقىلارغۇ مېهمان، سىلى بىلىلا، بۇ قاسىم...

قاسىم مۇئەززىننىڭ ئەزان ئېيتىپ بولۇپ قايتىپ كىرىشى بىلەن ئابدۇرېهىم گېپىنى توختۇتۇۋالدى. مۇئەززىن ئاۋال ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇي دېمەستىنلا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغىراق كېلىپ يۈكۈندى.

— خوش، دېدۇق، بۇ مېهانلا ئوخشىمامدا؟

— هەئە، بىزنىڭ ئاغىنە باللا.

— نەدىن سورايمىز بۇ مىھانلىنى؟

— ۋاي بۇلا بى رۇمدىن كەپقالمىدى، قاسىمكا، — دېدى ئابدۇسالام بىر ئاز زەردىسىنى بىلىندۈرۈپ، — پەزىۋاتتىن.

— ھە، ماندا دېسىلە، — دېدى قاسىم ئۆچكە ساقىلىنى دىرىلدىتىپ ئەسنىگەچ. ئۇ قانائەت قىلغاندەك شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، يەنە قانائەتلەنمىگەندەك ئۇلاپلا سوئال قويدى، — ھە،... پەزىۋات نەدىن؟

— ئۈ! — دېدى ئابدۇسالام ئىچ چېكىپ، — نېماندا قىلىدىغاندۇ بۇ قاسىمكام، ئىشۇ مىشادىن، قىزىلبۇيىدىن، نەدىن بولىتىكى!

— ئۆكېم (ئۇكام)، ماندالام سوراپ قويدۇق، نېماندا چېچىلىپ كېتىلا؟ خۇددى بى خۇدۇكى بادەك!؟

— ماكا قالسىلا، قاسىمكا، سىلى چوڭ، سىلىگە ئۆگەتكەنلىك ئەمەس، ئەمما مەچىتكە چىگەن ئادەم دېگەن دۇنيانىڭ گېپىنى قىماي، ئەۋەلەم باشلاپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋېتىپ، ئاندىن ئولتۇرۇدا، سىلىنى بى ئادەم ساقچى قويمىغاندىكىن...!

— ئۈ ! — ماكا قالسىلا، ئۆكېم (ئۇكام)، ساقچى قويمىغان دەيلىغۇ؟ ئايغاقچىغا ئوخشۇتۇۋاتاملا؟ ساقچى بوسام نېمە بوپتا؟ بوسام ھۆكۈمەتكە ساقچى بوپتۇمە تازا! بۇزغۇنچىلىغا، ئا ھېلىقىدەك ۋاھابىلىغا كۆتەمىكەشلىك قىغاندىن ياخشىدۇ؟! — ئۇنىڭ قارىشى بويىچە ئۇنىڭ ھەق ئىدى. خەلقنىڭ ھۆكۈمىتىگە ساقچى بولسىمۇ، پايلاقچى بولسىمۇ نېمە بوپتۇ؟ ۋاھابىلارنى، بۇزۇقلارنى، ھازىر پەيدىن پەيدا بولغان تېرورچى دەيدىغانلارنى پاش قىلسا، يوقۇتۇشقا ياردەم قىلسا نېمىسى يامان؟ بۇنىڭدىن چوقۇم ئاللاھمۇ رازى بولاتتى.

— ماكا قاراكىلا، ئابدۇسالام، ئادىش! — دېدى ئابدۇرېھىم ۋەزمىنلىك بىلەن، جىدەل چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولۇپ، —سىلى دېگەن قاسىمكامغا بالا يوللۇق بوغاندىكەن، بولدى قىلسىلە، ماقما؟ (ماقۇلما)، قاسىمكام دېگەن چوڭىمىز، ئۇزۇن ژىللىق مۇئەززىنىمىز تۇسا، گەپ ياندۇساكىلا، داداكىلغا مۇش ئاتقاندەك بومامدا، بىژ ئېغىز

گەپتىن قالمىز، ماندا، چوڭمىز، چوڭ، كىچىكمىز كىچىك بوغىنىمىز ياخشى. بىز مەلىدە سەت تۇرۇدا، — دېدى ئۇ ۋە ئابدۇسالامغا جىددىي بىر بۇيرۇق ئاھاڭى بىلەن، ‹—خاپا بولمىسىلا، قاسىمكا›، دېسىلە بى! — دېدى. شۇنداق دەۋاتسىمۇ ئابدۇرېھىم تامامەن باشقا تۈرلۈك ئويلارنى خىيالىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. «ۋاي توۋا قىلدىم، بىزنىڭ ما ئادەملىنى، بىز ئوبدان ناماز ئوقۇپ ژۈگەن ئادەمنىڭمۇ تايىنى شۇنچىلىك-دە! ژۈتنى ۋاھابىلا تارتىۋالغانما؟ دەپ ئويلاپ باقمايلا ۋاھابى دېسە، ۋاھابى دەپ يامان كۆرۈۋېرىدۇ-يا؟ بۇ نېمە دېگەن گەپ، قانداق ئادەمله؟ كىمگە دۈشمەن؟ كىمگە دوست؟ دەپ ئويلاپمۇ باقمايدا! خۇدايا توۋا، تېخى ھۆكۈمەتنى ئاقلىشنى قاراڭلا، ئوقۇۋاتقان ناماز بىلەن خىتاينىڭ يېنىنى ئېلىش سىغىشالامدا، دېمەيدا؟...»

ئابدۇسالام دوستىنىڭ كۆزىگە نارازىلىق بىلەن بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن قاسىمغا ئانچۇالا تىكىلىپ قارىمايلا:

— خاپا بولمىسىلا، قاسىمكا، — دېدى.

— خاپا بومىدۇق، خاپىلىقتىن كېيىن تۇغۇلغاندىكىن،... — دەپ ھىجايدى قاسىم بىرنەچچىسىلا قالغان ساپ-سېرىق چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ. ئۇنىڭ بۇ ھىجىيىشلىرى ۋە سۆزلىرىدىن قېرىسىمۇ چوڭ بولمايدىغان تېپتىكى ئادەملىكى بىلىنەتتى.

ئۇلارنىڭ غەۋغاسى بېسىقىپ تۇرۇشىغىلا نامازخانلار كىرىپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ماجرانى قايتىدىن قوزغاشقا شارائىتمۇ بولمىدى.

ئۇلار جامائەت بىلەن سۈننەت ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇزاق ئولتۇرۇشتى. بۇ يۇرتلاردا ئۇيۇق ئاقىرىشقا باشلىغاندا ئاندىن پەرز ئوقۇيدۇغان بىدئەت ئادەت بولغاچقا ئەنە شۇنداق ساقلىشاتتى. پەرزدىن كېيىنمۇ يەنە قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇپ ئۇزاق دۇئا قىلىشاتتى.

ئۇلار نامازدىن چىققاندا شەرق تەرەپتىكى ئۈچ-چېكى كۆرۈنمەيدىغان قوناقلىقنىڭ ئۇيۇقتا تۇتاشقان يېرىگە قان رەڭلىك شەپەق يېيىلىپ، خۇددى ئاشۇ ئۇزاقتىكى قوناقلىقنىڭ ئۇچلىرى قانغا چىلىشىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

***

بىزگە تونۇش بولغان ياشلار يامانيار بازىرىغا قاراپ چوڭ يولدا كېلىشىۋاتاتتى. كۆن خېلى ئۆرلىگەن بولۇپ، پىزىنىڭ تىرىكچىلىك ھەركىتى باشلىنىپ كەتكەن؛ يېزا يولىدا ۋەلىسىپىتلىكلەر، ئېشەكلىكلەر، ھارۋىلىقلار، پىيادىلار ھەتتا ئاندا-ساندا موتوسىكلىتلىق بايۋەچچىلەر ئۇ ياق- بۇياققا مېڭىشقا باشلىغان ئىدى. يول بويلىرىدىكى شالاڭ تېرەكلەرنىڭ ئارقىسىدا يېزا ئۆيلىرى، ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى خېلى ياسىداق بولسىمۇ، بەزىلىرى بەكمۇ ۋەيرانە ئىدى. بەزىلىرىنىڭ تاملىرى ئۆرۈلگەنمۇ ياكى ئۆرۈۋېتىلگەنمۇ، ئۆچ تېمى قالغان ئۆگزىلەرنىڭ چېقىلغان تام تەرىپىدىن ئۆگزىنىڭ چىغ-پاخاللىرى، شاخ-شۇمبىلىرى ساڭگىلاپ كۆرۈنەتتى.

يول بويىدىكى ئېرىقلاردا ياكى ئېرىق بىلەن ئۆي تېمى ئارىسىدىكى پۇشلاردا كىچىك باللار ئويناۋاتاتتى. باللار بەزىدە قوغلىشىپ يولغىمۇ چىقاتتى ۋە زىيادە چاڭ-توزان كۆتۈرۈپ، توپا-چاڭدىن ئاللىقاچان يېشىللىقىنى يوقاتقان دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ كېتىشەتتى. ئەگەر يولدىن ئۆزگە نا تونۇش كىشىلەر، بىرەر ماشىنا ياكى شۇنىڭدەك يېزا مۇھىتىدا ئاز كۆرۈلىدۇغان ئادەم ۋە نەرسىلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولسا ئويۇنلىرىنى توختۇتۇپ ھاڭقىيىپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

باللارنىڭ سەبى كۆزلىرىنىڭ غۇبارسىز چاقناپ تۇرۇشىلا ئۇلارنى سۆيۈملۈك كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بىردىن-بىر ئامىل ئىدى. ئۇندىن باشقا ئۇلارنىڭ ئۈستىۋېشىدىكى كىيىملىرى كىرلىشىپ، قاسماق باسقان، بەدەنلىرىمۇ ئاللىقاچان قايسىدۇر توختام سۇلاردا چۆمۈلۈشتىن قالغان قارالاي قېتىشمىلىرى، توپا-تۇماندا بۇلغىنىپ كەتكەن ئىدى. بەزىلىرى ئۇتتۇر چىشلىرى چۈشۈپ كوماك بولۇپ قالغان ئاغزىنى قىيا ئېچىپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە قارىشاتتى.

— غاچ-غاچ مېڭىپ، باللا، ھاۋا قىزىپ كەتكىچە يادىن ئۆتۈۋالمايلىما؟ — دېدى ئابدۇرېھىم جىددىي قىلىپ ھەمراھلىرىغا. يار دېگىنى يامانيار دەرياسى بولۇپ، ھازىر ئۇنى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە پەيزىۋات دەرياسى دەپ ئاتىشاتتى. يامانيار دەرياسىنىڭ بېشى گەز دەرياسى بولسىمۇ، بۆرىختايدىن ئۆتكەندىن باشلاپ يامانيار دېيىشەتتى. خۇددى ئىسمىنىڭ ئۆزگەرگىنىگە ئوخشاش ئۇنىڭ دەريالىق سۈپىتىمۇ ئۆزگۆرەتتى. بەلكىم ئىسمىنىڭ ئۆزگۆرۈشى

مانا شۇ سۈپەتنىڭ ئۆزگۈرىشىدىن بولغانمىكىن؟ گەز دەرياسىدا نورمالدىمۇ ئادەمنى ئېقىتىپ كەتكۈدەك سۇ ئېقىپ تۇراتتى. بۇ ئۇلۇق سۇ تەدرىجىي يۇرتلارغا باشلىنىپ، ئازىيىپ باراتتى. ئاخىرىسىدا بولسا يامانيارغا ئوخشاش «يار»غا ئايلىنىپ، بەزىدە ئازراق سۇ ئاقسا، بەزىدە تامامەن قۇرۇپمۇ قالاتتى. بۇ دەريا بۇ كۈنلەردىكى مەمۇرىي رايون ئايرىشىدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى ھېساپلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يار بويىغا ناھىيىدىن ناھىيىگە ئۆتۈدۇغانلارنى تەكشۈرۈدۇغان توساق قۇرۇپ، ساقچىلار يولۇچىلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈدۇغان بولۇشقانىدى.

— ئاااا! ئابدۇرېھىماخۇن، سىلىمۇ-زە،... — دېدى ئابدۇسالام شوخلۇق بىلەن، دائىملا ئۆكتىچىلىك قىلىش ئۇنىڭ ئادەتلەنگەن مىجەزىدەك قىلاتتى، — بى تاڭ ئاتسۇن، بازالا ئېچىلسۇن، ماندا، ماۋۇ ئاغىنىلەنى تۈزۈك بى مىھان قىلالمىدۇق، بازادا ئوبدانىراق مىھان قىلىلى، ئاندىن ماڭىمدۇق.

— مۇشۇ بىزنىڭ ئابدىسالام بارغۇ، ئۆزى ئوبدان بالا، ھەممە ئىشلىرى شۇندا جايىدا، ئەمما-زە، بەزىبىر ئىشلاغا كەگەندە ئاجايىپ بىغەم-دە.

— ئابدۇرېھىم راست دەيدا، ئابدۇسالام، بىز مىھان بولدۇق، شۇ يېتىدۇ، بى ئىشقا نىيەت قىغان ئادەم دېگەن، ئىشنىڭ پىپىدە بوممايې، داسقاننىڭ كەينىدە ژۈسە قاملاشمايدا، ماقۇل دېسە، — دېدى يۇمۇلاق يۈزلۈك، يۈزلىرىدىكى ساقال بۇرۇتلىرى ئەمدىلا ئۈچ چىقارغاندەك قارىداپ بىلىنگەن يىگىت.

— قېيۇماخۇن، سىلى مىھان، شۇك تۇرۇڭلا، سىلە دېگەن قوينىڭ قوزىسى، بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز، — دېدى ئابدۇسالام يەنە، — ئالالاھ رىزاسى ئۈچۈن قەدەم باسقان ئادەمگە ئالالاھ ياردەم قىلىدا.

— ماڭا قالاڭلا، ئابدۇسالام، — دېدى باياتىندىن بېرى گەپكە ئارىلىشىدىغاندەكمۇ قىلماي جىم كېلىۋاتقان بودەك يۈزلۈك يىگىت، —ماندا كېسىتىپ گەپ قىلمايمىز جىما، ئالالاھ خالىسا ياردەم قىلىدۇ. ئالالاھ بەلگۈلىگەن ھەممە قانۇنلاغا رىئايە قىلساق ياردەم قىلامدۇ-يا؟ ئېھتىيات قىلىش بىزنىڭ ئىرادىمىزگە قويۇلغان ئىش، بىز قىلالايدىغان ئىش. ئۆزىمىز قىلالايدىغانني قىلىمىز، قالغىنىنى ئالالاھتىن تەلەپ قىلىمىز، ماندا.

— شۇ، شۇنى دەيمەنغۇ، ھەسەن قارىم راس دەيدا. ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىكنىمۇ قىلمايلا ئاللاھقا ئاتىپ قويساق، قاندا دېگەن گەپ بولاپ كەتتى، بۇ.

— ئاااا! تالاشماڭلاۋە باللا، باشتا بى بازاغا چىمەيلما، بىسمىللاھ دەپ، ئاندىن كۆمەمدۇق.

مانا شۇنداق قىلىپ ئۇلار يېزا بازىرىغىمۇ كېلىپ قېلىشتى. يېزا بازىرىدىكى تۆرت كوچىنىڭ بىر دوقمۇشىدا لەكچۇچىنىڭ ھارۋىسى، ئۇنىڭ يېنىدىراقتا بىر ناۋايىنىڭ نان تىزىلغان شىرەسى، ئۇنىڭ بېرىسىدە بىر دوغچىنىڭ غالتىكى ۋە ئەتراپىقا تىزىپ قويۇلغان بىرنەچچە لىگشىق ئۇزۇن كۇسىلار (ئۇستەللەر) تۇراتتى. ئۇياقتا يەنە بىر-ئىككى ئاشخانىنىڭ رەختتىن قىلىنغان سايىۋىنى ئاشخانا ئالدىدىكى ئېرىق بويلىرىغا قويۇلغان بىرنەچچە تاماق شىرەسى ئۈستىدە خۇددى پۈتۈن مەينەتچىلىكنى ئۆزىگە شۈمۈرۈۋالغاندەك رەڭگى تونۇلماس ھالدا ئېسىلىپ تۇراتتى.

تاماقخانىنىڭ ئالدىدىكى شىرەدە بىر –ئىككى ئادەم چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندەكمۇ قىلاتتى. دېمەك ئاشخانىلاردا تاماقلار تەييار بولۇپ، خېرىدار كۈتۈشكە باشلىغاندەك قىلاتتى.

— جوڭلا (يوروڭلا)، باللا، ئاشخانىلامۇ ئېچىلىپ بولۇپتۇ، شە پەدىسىدە پېرىمىدىن ئاش يەپ ماڭساق ئۇنىڭغا ئۆمرىمىزنىڭ يېرىمى كەتمىگەندىكىن، — دېدى ئابدۇسالام دوستلىرىنى زورلاپ.

— چىك ئا! ئادېش!...

— بولدى قوياڭلا، تالىشىپ ئولتاغىچە چىقىپ بولۇمىز دەيمە، تاماقمۇ تەييادەك قىلىدا، جوڭلا، جوڭلا، — ئۇ شۇنداق دەپلا قېيۇم بىلەن ھەسەننىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېنىك تارتتى ۋە يەنە بىرىگە قاراپ، — ھە، ئىمام، سىلىمۇ، ماڭسا، ماڭسا دەيمەن، گەپنى ئاۋۇتماي!

ئابدۇرېھىم يالغۇز قېلىۋېتىپ، خالار-خالىماس ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەلدى. ئەمما ئىچىدە ھەسرەت بىلەن: «بىز خەقنىڭ مۇشۇ ‹مېھماندوستىمىز› دېگىنىمىزمۇ تازا باشقا بالا بىر ئىش. تارىختىمۇ نى-نى ئىشلا مۇشۇندا داسقاننىڭ كەينىگە چىرىپ، بۇزۇلۇپ كېتىپتىكەن، يەنە چۈچۈمەيدىكەنمىز، ھەممە ئىشقا داسقان

ئاربلاشتۇرۇۋالغان!... مولللكمىز راست دەپتىكەن، بىز خەقتە جىددىيەت بەك كەمكەن!»دېگەنلەرنى ئويلاپ ماڭدى.

ئاخىرقى ھىساپتا يەنىلا شۇ ئۇيغۇر داستىخانچىلىقى غالىپ كېلىپ، ئابدۇرېھىمۇ ئاۋۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سۆرەلمىلىك بىلەن كېلىپ، يۆغلىشىپ كەتكەن شىرەدىن ئورۇن ئالدى. شىرەنىڭ يۈزلۈك تاختايلىرى بۇرۇنقى بىر-بىرگە يىلىملەنگەن ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئاجراشقا باشلىغان، بەزىلىرى خېلى خوپ قېچىشىپ تۇراتتى. ئۈستىدىكى ياغلىشاڭغۇ ئالامەت بولسا ئۇنى خۇددى مىڭ يىلدىن بېرى ئاشخانىلاردا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان ئۇزۇن كۇسىلار (ئۈستەللەر) مۇ لىڭشىپ تۇراتتى. ئۈستىگە سايىۋەن ھىسابىدا تارتىلغان قىزىلچۇر دەپ ئاتىلىدىغان رەختمۇ رەڭگىنى ئۆزگەرتكەن، ئۈستى تەرىپى يىللاردۇر قونۇۋاتقان، ئەمما كەملىمەيدىغان توپا-چاڭلار دەستىدىن ئاقىرىپ كەتكەن بولسا، ئاستى تەرەپ قىزىلىلىقى ئۆڭگەن، ياغلىشاڭغۇ ھور ئۇرۇلۇۋېرىپ، بەزى يەرلىرىدە قاپقارا تور ئىلىشىپ تۇراتتى.

بەش يىگىت ئىككىدىن-ئۈچتىن بولۇپ، شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىشقاندىن كېيىنلا كۆتكۆچى جوغۇچى پۇچۇلۇپ كەتكەن چەينەكتە يىلىمانغا يېقىن چاي ۋە بەش پىيالە كۆتۈرۈپ كەلدى. پىيالىلارمۇ بەك ئۇزۇن زامان ئىشلىتىلگەندەك، يۇسا چىقماس قوكۇر داغلار قاپلىغان، بەزىلىرى كۆتۈك (پۇچۇلغان) ھالەتتە ئىدى. بۇنداق چەينەك ۋە پىيالىلەرنى قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋىي ساماۋارخانىلىرىدا ئۇچراتقىلى بولاتتى.

كۆتكۆچى پىيالىلارنى بىر نەچچە تېمم چاي بىلەن چايقىغاندەك «شەتنى قىلىپ» ئاندىن چايدىن قۇيۇپ بېرىۋەتكەندىن كېيىن، خېرىدارلارنىڭ ئىستىكىنى سورىدى.

— بەش لەغمەن، — دېدى ئابدىسالام.

— ۋاي ئادىي(ش)، ھېلى يېرىمدىن دېيىشمىدۇقما؟ — دېدى ئىمام بىر ئاز ياسما تەكەللۇپ بىلەن.

— قوياڭلەۋە ئادېش، يېرىم ئاش يەپ، چالىسىنى سەنتەڭ بىلەن تولۇقلايدىغان بىز بې شەلىك بوممىساق يا، — دېدى ئابدۇسالام چاخچاققا يۆلەپ.

بۇنىڭ بىلەن باشقىلارغىمۇ خوشياقاندەك ھېچكىم تاللىشىپ ئولتۇرمىدى. پەقەت ئابدۇرېھىملا كۆڭلىدە نارازى بولغان بولسىمۇ، ئۇمۇ باشقا يەردىن كەلگەن ئاغىنىلىرىنى مېھمان قىلىۋاتقاندەك، بۇنىڭغا قارشى چىقىشنى بىر خىل بىخىللىق دەپ چۈشىنىپ قېلىشتىن خىجىل بولدى. دېمەك، ئومۇمىي مىللىي خاراكتېردىكى بىر ئاجىزلىق دېسىمۇ بولىدىغان بۇ داستىخانچىلىق، نىمشىكىدۇر ئەسىرلەردىن بېرى گويا ئەجابىي ئارتۇقچىلۇق سۈپىتىدە تەرىپلىنىپ كەلگەنلىكى، شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى. تارىختا توقچىلۇق ئىچىدە ئۆتكەنلىكىدىن ماختىنىدىغان بولۇشىغا قارىماي، بۇ مىللەتنىڭ ھەممە ئىشقا تاماق، داستىخان ئارىلاشتۇرمىسا، بىرەر ئادەم ئۆيگە كىرسىلا خۇددى پېشكەش كىرىدۇ دەپ تونۇغاندەك دەرھال داستىخان ئەكىلىشلىرى ئەمدىلىكتە ھېچ ئەجابىي ئارتۇقچىلۇقتەك بىلىنمىدى. «كىم بۇ قەدەر جىق ۋاقتىنى تاماقنىڭ كەينىدە ئۆتكۈزۈۋېتىدىكەن، بىزدىن باشقا؟»

ئۇ خېلى كۆپ تەربىيە ئالغان يىگىتتەك پىكىر قىلاتتى. ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن بولمىغۇر ئادەتلەرنى بايقايتى. ئەمما ئۇنىڭدەك چۈشەنگەنلەر يوق دېيەرلىك بىر ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە ئۇ ئويلىغان ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇمەن دېسە سىقىپ چىقىرىشقا ئۇچرايدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلاتتى. دېمەك بۇنچىۋالا پايدىسىز ئادەتلەر ئىچىدە بولغان بۇ مىللەتتە بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇ دوستلىرىنىڭ غېمىدە يوق چاخچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشلىرىغا بىر ياقتىن زوقلانسىمۇ، بىر ياقتىن بۇنداق بىغەملىكنى پايدىلىق سانىمىدى. ھەپىسىلىسى تۆۋەن بولۇۋاتقاچ، پاراڭغىمۇ ئارىلاشماي، بازار مەيدانى تەرەپكە، ئۇ ياقتىكى يېزىلىق ھۆكۈمەت قوروسى، ئىشخانا بىنالىرى تەرەپكە، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە خىيالى بىر يەردە بولمىغان ھالدا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇلارنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلمايتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئاشخانا لەمپىسى يېنىدىنلا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قاسىم مۇئەززىننى تونۇماي قالمىدى.

— ھوي، قاسىمكا، بۇ ياققا كەپتىكەنلا، كەلسىلە، بىللە تاماق يەيمىز، — دېدى ئۇ نىمشىكىدۇر خۇشامەتلىك ئاھاڭدا. ئۇنىڭدا گويا بۇ ئادەمگە مەلۇم مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئۇنى دوستلۇق، يېقىنلىق ھالقىسىغا كىرگۈزۈپ تۇتۇۋالمىسا چاتاق تېرىپ قويۇدۇغاندەك ئىچكىي ئەندىشە بىلىنىپ تۇراتتى. يەنە ۋاقىتتا بۇنداق بىر تەكلىپنى ئېغىزدىن چىقار-چىقمايلا قوبۇل قىلىپ، كاندەك چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ قارنىنى تويغۇزۇۋدۇغان بۇ ئادەم، بۈگۈن نىمشىكىدۇر بۇ ياشلارنى ئېرەكسىمىگەندەك، ئۆزى بۇلاردىن يۈكسەككە چىقىپ قالغاندەك يوغانلىقى بىلىنەتتى:

— يەۋېرىشسىلە، مەن ئالدىرايمەن، ئىشىم بار، — دېدى ئۇ ۋە ئاشۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تەۋە ئىدارە ئورگانلارنىڭ ئىشخانىلىرى قاتارىغا قاراپ مېڭىشنى داۋام قىلىپ.

— قاق سەدە نېمە باردۇ بۇ چىشاڭغا، — دەپ غۇدۇڭشىدى ئابدۇرېھىم يېنىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، — تاماقتا تەكلىپ قىپ قويساڭلا بولىتى، ئابدسالام، — دېدى ئۇ ئابدسالامغا، خۇددى قاسىم مۇئەززىن ئالدىدا مەلۇم ئاجىزلىقى باردەك ۋە بۇنى يېپىشقا ئۇرۇنۇشقا ئوخشىغان بىچارە ھالدا.

— ئاااا، قويسىلا، ئۇندا...نى، قەزىمىز بومىغاندىكىن، كەسە مانا، كەمىسە زولاپ نېمە كەپتا؟ سىلى تەكلىپ قىغاندىكىن بولدىغۇ.

— يا دەيمىنا، شۇندا بوسىمۇ،...

ئەمما ئابدۇرېھىمغا قاسىم مۇئەززىننىڭ بۇ يەرلەردە تەمتىلەپ يۈرۈشى پەقەتلا نورمال تۇيۇلغىلى ئۇنىمىدى. كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ، كۆڭلىدىكى ئۆكتىچى تەرەپكە جاۋاپ بەرگەندەك قىلسىمۇ، يەنىلا سەۋەپلەر ئاجىزدەك، پۇت تىرەپ تۇرالمايۋاتقاندەك قىلىپ، يىراقتىن بىر ۋەھىمىنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. يېقىندىن بېرى ياشلارغا، بولۇپمۇ دىندار ياشلارغا بەك دىققەت قىلىدىغان بولۇشتى. مەھەللىلەردىكى پايلاقچىلارغىمۇ ياشلارنىڭ توپلۇنۇشلىرىغا كۆز قۇلاق بولۇش، باشقا يەرلەردىن كەلگەن ياش مېھمانلارغا دىققەت قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بارىدى. بۇنى كىچىك بالىمۇ پەرەز قىلالايتى. شۇڭا ئابدۇرېھىمنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈۋالدى.

ئۇنىڭچە بولغاندا ئۇلار بۇ چاغقىچە توساقتا يېتىپ باراتتى ۋە ھايالدىماي ئۆتۈپ كېتەلەيتى. كىم بىلىدۇ، ئەمدى بۇ ئىشتىن چاتاق چىقامدۇ. قانداق قىلىش كېرەككىن؟ قاراجىلغا تەرەپتىن چوكانيارغا ئۆتۈپ كەتسە توساققا ئۇچراشمايلا كەتكىلى بولاتتى. ئەمدى، ماۋۇ قاسىم مۇئەززىن بۇ يەردە يۈرگىنىدىن قارىغاندا، ئەگەر ئۇلار توساق يوق تەرەپتىن، چوڭ يولدىن ئەمەس، ئارقا يولدىن مېڭىۋاتقىنىنى بىرەرسى كۆرۈپلا قالسا، خۇددۇكى بولمىسا نېمشكە توساق بار تەرەپتىن ماڭمايدۇ؟ دەپ شەكلىنىپ قالۇدۇغاندەكلا شۈبھە ئازاپلاشقا باشلىدى. ماۋۇ باللانىڭ غېمىدە يوق، ئەمما ئابدۇرېھىم بۇنى كاللىسىغا ئېلىۋالدى. ھەتتا تاماقنىمۇ زوقى بولماي، يېرىمىدىن جىقىنى ئاشۇرۇپ قويدى.

ياشلار ئىشى يوق بىكارچىلاردەك، تاماقتىن كېيىنمۇ ئاش سۈيى ئىچىپ ئۇزاق ئولتۇرۇشتى. ئابدۇرېھىمنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ئەسكەرتىشىدىن كېيىنلا ئاندىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

## ئازغۇنلار

«ئەجەل تارتىدۇ» دېگەندەك گەپلەر راستمىكىنە؟ دېگۈسى كېلىدۇ بەزىدە. ھاياتتا بۇنداق ئىشلار ئازمۇ. ئىنسان ئۆز ئاياقلىرى بىلەن بالاقازاغا قاراپ ماڭىدىغان؟ ئويلا-ئويلا ئاخىرى تاللىغان يولى دەل قاپقانغا دەسسەيدىغان يول بولۇپ چىقىدىغان؟ بۇلارنى «ئەجەل سۆرەيدۇ» بىلەن چۈشەندۈرمىگەندە نېمە دېسە بولۇدۇكىن؟

تاماقتىن كېيىن يىگىتلەر ئالدىرىماي سۆزلىشىپ تۇرۇپ، «ئۇيغۇرچۇلۇق»نى جارى قىلىشقاندىن كېيىن، قايسى تەرەپ بىلەن مېڭىش ھەققىدە قىسقا دە-تالاش قىلىشتى. كىملىكلىرى بار، ھەتتا مىھمان يىگىتلەرنىڭ يانچۇقلىرىدا كەنتتىن ئالغان خەتلىرىمۇ بارىدى. بۇ ھالدا نېمىدىن قورقۇدۇ؟ خەقنى گۇمانغا سېلىپ، قوناقلىقنىڭ قىرىدا ياكى ئارقا كوچىلاردا يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇ ھال ئابدۇرېھىمنىڭ ۋەھىمىسىدىن تۇغۇلغان قارارى بىلەنمۇ بىر يەردىن چىقاتتى. شۇڭا ئۇلار تېزلا قارار ئالدى: توساق تەرەپتىن ماڭمىز! توپ ماڭمىزمۇ تارقاقمۇ؟ بىر ئاز ئالدى-كەينى بولۇپ ماڭمىز! بەزى چاغلاردا ئۇيغۇر توپلىرى ھەپتىلەپ مەجلىس ئېچىپمۇ قارار ئالماي تارقىشاتتى. ھەتتا قارار ئالمىغانلىقنى ھىسمۇ قىلىشماستىن قوپۇپ كېتىشەتتى. ئەمما بۈگۈن بۇ ياشلار كوچىدىلا، كېتىۋاتقاچلا قارار ئېلىشتى.

— ياۋاش-يۇمشاق بولۇپ، گەپنى ئاۋۇتماي، چىرايلىق ئۆتۈپ كېتەيلى جۇما، باللا، — دېدى ئابدۇرېھىم ئەندىشىلەنگەن دادىدەك تاپىلاپ، —توساقتا ھەقچان ناھەقچىلىق، ئۇينى بوغاز قىلىۋېتىدىغان ئىشلا ئۇچقۇماي قالمايدا، خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي، يولۇمىزغا مېڭىشنى بىلىلى.

ئۇلار خالتا پىلال، مازار، ئاق مىچىت كەنتلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يامانيار ئېقىنىدىن كېيىن مىشاغا تۇتۇشۇدۇغان يولغا چۈشتى. يېزا يولىدا ئىنتايىن ئەبجەق ئېشەك ھارۋىغا بىر نەچچە تاغار ئاللىنېمىنى بېسىپ تاغارلارنىڭ ئۈستىگە قونۇپ ئولتۇرۇپ، بىر دېھقان ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھارۋىسىنىڭ تاش كامىرى بۆسۈلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، تىلىملانغان رېزىنكە بىلەن يۆگەپ ماتىلىپ، يەنە بىر مەزگىل جاھاندارچىلىق قىلىشقا يارىغۇدەك قىلىۋېلىنغان ئىدى. بەنداشلىرىمۇ قىشىيىپ كەتكەن بولسا كېرەك، شۇڭا كىرىست شەكلىدە كېسىشتۈرۈپ ئىككى تال ياغاچ سىملار ئارىسىدىن بەنداشقا تىرەلگەن ئىدى. ھارۋىنىڭ يۈك ساندۇقى بولسا تېرىپ تۆشەلگەن رەزگى يا غاچلاردىن بىر-بىرىگە ئانچە باپ كەلمىگەن شەكىلدە يونۇپلا ياسىۋېلىنغاندەك بەكمۇ بىچارە، لىڭشىق، غىچىرلاپ تۇرۇدۇغان ئاۋارە ھالەتتە ئىدى. ئېشەككە قېتىلغان ھارۋا جابدۇقلىرىنىڭ رەزگىلىكى ھەممىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. ئېشەكمۇ يېغىر باسقان، قېرىغان پەقەت تاياقنىڭ زورىدىن ئاران ئاران قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاندا-ساندا ۋەلسىپىتلىكلەر، ئېشەكلىكلەرمۇ ئۇچرايتى. ھارۋىنىڭ يېنىدىن يانداپ ۋەلسىپىتلىك ئىككى كىشى ئىلگىرى كېيىن

بولۇشۇپ، خۇددى قارشى بورانغا يۈرگەندەك كۆچەپ پىدال تېپىپ كېلىشەتتى. يول بويلىرىدا گۆردىن ئېچىۋېلىنغاندەك توپا-تۇمانغا پىچىلىپ كەتكەن يېزا باللىرىنىڭ بىر توپى يولدىن ئۆتكەنلەرگە ھاڭقىيىپ قاراپ قويۇپ، ئويۇنلىرىنى داۋام قىلاتتى. دەل-دەرەخلەرمۇ چاڭ-توزانلار دەستىدىن ئاقىرىپ كەتكەچكە، پىشىللىق ئۆچۈپ، پىقىملىق تۈيغۇ بېرەلمەس بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. پەقەت ئېتىزلىقلاردا پىشىل مەخمەلدەك جۇلالىنىپ تۇرغان قوناقلىقلارلا تومۇز ئىسسىقتا چاڭقىغان ئادەم مۇزدەك بۇلاق سۈيى ئىچكەندەك راھەتلىك ھىس بەخش ئېتەتتى.

ئۇزاقتىن توساقمۇ كۆرۈندى. پەرەز قىلىنغىنىدەك توساقتا ئادەم كەم ئەمەس ئىدى. دېھقانلار دايىم كىملىكلىرىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنمىگەچكە ھە دېمەيلا توسۇقلاردا ئاۋارىچىلىقتا يولۇقاتتى. شۇڭا ئۇزاقلاردىن كەلگەن بىچارىلەرنى ئۆتكۈزۈشمەي، ئارقىسىغا قايتۇرۇشاتتى. يىگىتلەر قارارىدا دېيىشكىنى بويىچە بەك چېچىپىمۇ ماڭمىدى. «ئۇيغۇرچە قارار»-دە. بەك توپىمۇ دېگىلى بولمايتى. ئابدۇرېھىم ئەنسىرەپلا تۇرغاچقا ئالدىنراق يېتىپ كەلدى.

ساقچىلاردىن بىرى دېھقانلار بىلەن دە-تالاش ئىچىدە، باشقا بىرى يول چېتىدىكى ۋاقىتلىق سايىۋەنىنىڭ تېگىدە، ئۆچىنچى بىرى بولسا بىر دېھقان بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ تۇراتتى. تارىخنىڭ ھېچبىر بۆلۈكىدە بۇ كەبى كۆپ دىشۋارچىلىقتا يولۇقمىغان بۇ ئادەملەر قوشنا يۇرتلار ئارىسىدا ئەركىن بېرىپ كېلەلمەي، خەت كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىسىمۇ، بۇلار نېمە ئۈچۈن؟ كىم ئۈچۈن دەپ سوراشنى ئەقلىرىگە كەلتۈرۈشمەيتى. ئەكسىچە ئۆز بىخەستەلىكىدىن، ئاندىن مۇشۇنداق توسۇق قۇرۇشنى تەقەززا قىلغان «بۇزغۇنچى، بۆلگۈنچى ئۇنسۇر»لاردىن ئاغرىناتتى. چۈنكى ئۇلارغا ھەريەردە ئاشۇنداق تەلىم بېرىلەتتى؛ كىمدىن ئاغرىنىش ھەققىدە يول كۆرسىتىپ بېرىلەتتى. شۇڭا ئۇلارمۇ دەل شۇنداق قىلىشاتتى.

نۆۋەتتە دە-تالاش ئىچىدىكىسى مىشاغا كېتىۋاتقان يامانيارلىق بىر بوۋاي ئىدى. بوۋاي كەينىگە يېنىپ كىملىكىنى ۋە كەنتنىڭ خېتىنى ئەكىلىشتىن ئېرىنىپ، بىكاردىن يالۋۇرۇپ، كۆچۈلۈپ، كىشىلىك ئىززىتىنىمۇ پايىمال قىلىپ تۆكۈلۈۋاتاتتى.

— ۋاي بالام، مەن مۇشۇ ساقلىم بىلەن يامان ئىش قىلىدىغان ئادەمگە ئوخشاتامدىم؟ چوڭ داداڭلىدەك بۇ ئادەمنى ماندا قىيناپ ژۈمەي ئۆتكۈزۈۋەتسەڭلا بىزنېمە كەملەپ قالامتى؟ پارتىيەنىڭ سىيىستىمۇ ئانچىۋالا ئەمەس بوغىيتى، پارتىيە دېگەن قېرىلاغا كۆكۈل بۆلگەنتى كۆگەن،...

— ۋېي! ساقىلىڭنى پەش قىلما! ما ساقىلىڭنى پەش قىلما، ماقىلما! — دېدى ساقچى يىگىتمۇ بوش كەلمەي، بوۋاينىڭ ساقىلىدىن قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ، يۇقۇرىسىغا كۆتۈرۈپ-كۆتۈرۈپ قويۇپ.

بوۋاي ساقىلىنىڭ يۇلۇنۇشىدىن سىلكىنگەن نېرۋىلىرىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن كۆتۈرۈشتىن بۇرۇنراق كۆتۈرۈلۈشكە تىرىشىپ، يۇلۇنۇشنىڭ ئازابىنى ئازايتماقچى بولاتتى. ئۇنىڭ قورۇلۇپ كەتكەن چىرايى، ئەسلىدە ئاق بولغان، ئەمما شۇئاندا كىرلىشىپ كەتكەچكە ئاق دېيىشكە بولمايدىغان يالاڭ يەكتىكىنىڭ ئوچۇق مەيدىسىدىن چارلاشقان يۇكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ساقچىنىڭ ساقىلىنى قاماللىغان قولى ئۈستىدىن تۇتۇۋالغان قوللىرى بولسا تومۇراقىنىڭ قوۋزاقلىرىدەك شورلۇشۇپ تۇراتتى.

ئابدۇرېھىم بۇ مەنزىرىگە قاراپ يەنىمۇ ئېزىلگەندەك بولدىيۇ، يەنە ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسىتىش ئۈرۈنۇشىدا ئەتەي جانلىق-جانلىق سۆزلەپ:

— خېتى يوق، كىملىكى يوقلا بىر چەتكە تۇمامسىلە، بىز ئۆتۈۋاللى، — دېدى ئەتەي ساقچىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن.

ساقچى يىگىت بوۋاينىڭ ساقىلىنى قويۇۋېتىپ، ئوچۇق، يۇكلۇق كۆكسىدىن نېرى ئىتتىرىۋەتتى:

— نېرى تۇرە، قېرى! ما بىزنى ئىش قىغىنى قوياپ، — ساقچى يىگىتنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندىمۇ مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەندەك قىلاتتى، شۇنداق بولسىمۇ ۋەزىپىسىگە بولغان ساداقەتتىن ئۇ يۇرتداشلىرىغا قىلچىلىك يۈز خاتىرە قىلالمايتى، — ئۆيەككە كېتىپ خەت ئەكەل، بومىسا نېرىغا بېرىپ تۇرۇۋۇە، زېرىكمىسەڭ، — دېدى-دە، ئابدۇرېھىم تەرەپكە بۇرۇلدى، — ھە، غوجام، ئۆزلىرى نەگە؟ — ئەمما بۇ گەپتىكى ؛سىلى ئۆزلىرى»نى نورمال دېگىلى بولمايتى. بۇنىڭدا ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنى مەسخىرە قىلىپ، ھۆرمەت ئالمىشى ئىشلىتىدىغان، زەھەرخەندە ئادەملەرنىڭ تەلەپپۇزى ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى. بۇنى ئابدۇرېھىم دەرھال ھىس قىلدى ۋە ئىچىدە: «ئىشۇ قاسقان شەپكەڭگە ئىشىنىپ ئاشۇنداق زاكىلىقچى بولاپ كەتتىڭغۇ، سەن، شۇ قاسقان شەپكەڭنى دېمەيدىغان بوسام شۇ گېپىڭ ئۈچۈن ئاغزى-بۇنۇڭنى تۈزلىۋەتسەم!»

— مەن ئىشۇ مىشاغا بېرىپ كېلەي دەپتىم، — دېدى ئابدۇرېھىم ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ.

— ئىشۇ مىشاغا بېرىپ كېلەي دېگەنمىتىلە، غوجام؟ كىملىكلىرى باما؟ چىقاسىلا، ماندا، هە، هە، ... خوش، خەتچۇ، خەت؟ مىشاغا نېمىشقا بارىدىغانلىقلىرىغا كەنتتىن خەت ئەكەللىمۇ-يا؟

— كىملىك بوغاندىكىن، دەپ خەت ئالماپتۇق؟ ئاڭلىشىمىزدىمۇ خەت-پەتنىڭ گېپى يوقتى-يا؟

— ماڭە، تولا گەپ يومزىماي، نېرى ئۆت! يا بېرىپ خەت ئەكەل! —ساقچى ئۈنىمۇ سەتلىدى، ئەمما بوۋايغا قىلغاندەك ئۈنچىۋالا يولسىزلىق، بىھۆرمەتلىك قىلمىدى دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى ئابدۇرېھىمنىڭ ئۈستىۋېشى خېلى تۈزۈك ئىدى، — هە، ئۆزلىرىچۇ، غوجىلىرىم؟ — دېدى ساقچى يىگىت ئارقىدىن يېتىشىپ كەلگەن يىگىتلەرگە قاراپ.

— مەن شەگە بېرىپ يېنىپتىم، مانا خەت، كىملىكمۇ با، مانا، — دېدى قېيۇم ئالدىغا ئۆتۈپ. ئۇ كىملىكى بارلارغىمۇ يول بېرىلمىگىنىگە قاراپ، هەم خەت، هەم كىملىكىم بولغاندىكىن مەن سىناپ باقاي دەپ ئويلىغانىدى.

ساقچى يىگىت خەتكە سىنچىلاپ قاراپ، ئىنجىقلاپ تۈزۈك ئوقۇيالمىدى. چۈنكى دەل مانا شۇنداق چالا ئوقۇغانلارلا ساقچى بولۇپ ئوبدان ئەپلەشتۈرەلەيتى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلار ھەرگىزمۇ ساقچى بولۇشنى خالىمايتى، ئەگەر مەلۇم يوشۇرۇن مۇددىئاسى بولمىسىلا. ساقچى يىگىت يول چېتىدىكى ھەمرىيىنى چاقىرىپ، خەتنى ئۇنىڭغا بەردى.

— قاندا دېگەن ساۋاتسىزنىڭ خېتى بۇ؟ مۇشۇندامۇ يازامدا، خەت دېگەننى! — دەپ كايىپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇيالماسلىقىدىكى چاتاقنى خەتنى يازغۇچىغا ئارتىشنىمۇ ئۇنۇتمىدى.

يەنە بىرسىمۇ بۇنى ھەجىلەپ، كۆپ ھەرەج تارتتى. شۇڭا ئۇ سايىۋەندە ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان يەنە بىرىنى چاقىرىشتى. چۈنكى ئۈچەيلەننىڭ بېشى شۇدەك قىلاتتى. ئادەت بويىچە بېشى بولغان ھەممىنى بىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ ئەمەسمۇ.

— سىلى بى قاراپ بېقىڭلا ئادىي(ش)، ما خەتكە، — دېدى ئۇ قولىدىكى خەتنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ.

— نېمە خەتكەن ئۇ؟ بولمايدىغان يېرى بوسا ژىتىپ تاشلىۋەتمەمسىلە!؟

— بولامدۇ، بومامدۇ، ئۇنىمۇ بىلەممىدۇق، ئوقۇغىلى بولمىسا، قاندا بىلىمىزكى؟

ئاۋۇ ئۇلۇغلارچە كىبىرسىنى جەۋلان قىلدۇرغان ھالدا تەنتەنە بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ تەرەپكە يېقىنلاشقاچ:

— ئوقۇغىنى بومىسىمۇ ژىتىپلاۋەتسە تۈگەيدۇ، ئاندىن ئاندا پەلىپەتىش خەت يازماس بولىۇدا، — دېدى ۋە خەتنى ئاشۇ ئۇلۇغۋارلىق تۈسىنى بۇزماستىن قولىغا ئېلىپ، مەنسىتمىگەن نەزەر بىلەن كۆزىگە تۇتتى، — مانا، دېمىدىما، ژىتىپلا تاشلايدىغان خەت، نېمە دەيدۇ، «ئىشى بولغاچقا شەھەرگە بېرىپ كېلىشىگە قوشۇلدۇق» شۇندىما؟ ھە، قارىم، شۇندامۇ يا؟ مۇشۇندامۇ چالا خەت يازامدا؟ نېمە ئىش؟ قانچە كۈنلۈك رۇخسەت بەدى؟ خەت قاچانغىچە كۈچكە ئىگە؟ ھىچنېمە يوق، مانا! مۇندا! — ئۇ شۇنداق دەپلا تىتىلىپ ئاران تۇرغان نېپىز قەغەزنى يىرتىپ تاشلىۋەتتى.

— ئادىشەي، نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ ئەمدى مەن ئۆيگە قاندا كېتىمە؟ باشقىدىن خەت ئالاي دېسەم ئۆيەم ئۇ قاتتا تۇسا!

— بارە! ماندا ماڭىساڭ ۋىلايەتكە بارسەن، گېپىڭ بوسا ئەز (ئەرز) قىل!

— خېتىمنى ژىتىۋەتسىلە ئەزگە قاندا بارىمەن؟ ھەقچان شەگە باغىچە بادۇ سىلىدەك قاراكۆز غوجاملىدىن نەچچىسى، نەچچە يەدە؟

— ھې، تەنە قىلىسەنغۇ؟ ماۋۇنىڭ خېلى گېپى بادەك قىلىدىغۇ؟

— راس ئەمەسما، خېتىنى ژىتىۋەتسىلە، ئەمدە نەگە بارالايدا، بۇ يىتىم؟ — دېدى ئەتراپتىكى دېھقانلارمۇ بولۇشۇپ.

مانا شۇندا قىلىپ، ماجىرا تېرىلدى. ئابدۇسالام ئالدىغا ئۆتتى. ئۇ سەل بايۋەچچى مىجەز يىگىت بولغاچقا تونۇش-بىلىشىمۇ جىق ئىدى. ئۇ ھەتتا مۇشۇ ساقچىلارنىمۇ تونۇيتى، پەقەت ساقچىلار ھازىر فورما كىيگەن، بېشىدا قاسقان شەپكىلىرى بولغاچقا ئۆزلىرىنى خېلى يوْكسەكتە ھىساپلايتى، شۇڭا ئۇلار ھەتتا ئابدۇسالامنى كۆرمەيتى. ئابدۇرېھىم ئابدۇسالامنىڭ ئىتتىكلىك قىلىپ، بىرەر چاتاق تېرىپ قويۇشىدىن يۈرىكى ئۆيەپ، ئۇنىڭ بېقىنىغا كېلىپ، بىلىكىدىن قاماللاپ تۇتۇۋالدى.

ئەمما ئابدۇسالامنىڭ ئاللىقاچان ئۆتى تاشقان ئىدى. ئۇ بايا ساقچى يىگىت قېرى بوۋاينىڭ ئاپپاق ساقاللىرىنى قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ، ئىڭكىنى كۆتۈرۈۋاتقاندىلا ئۆزىنى زورغا بېسىپ تۇرۇۋاتقان ئىدى. ئەمدىلىكتە دادىسى تۇتۇۋالغان تەقدىردىمۇ سىلكىپ، ئىتتىرىۋېتىپ، گېپىنى قىلماي ئۇنمايتى. ئۇنىڭ مېڭىسى قىزىپ كەتكەچكە ئەقلىنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئەقلىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمۇ گۇمانلىق ئىدى. ئەتراپتىكى دېھقانلارمۇ ئۇنىڭغا بولۇشۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكى ئەقلىگە ئۇلتۇرمايتى، پەقەت ئېغىزلىرىنىڭ مىدىرلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇراتتى. چىراي ئىپادىسىدىنلا ئۆزگە تەرەپدارلىق قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇراتتى. رىجە سۆزلەش بىلەن كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشلار ئۈنۈم بەرمىگەنسېرى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جەھلى قېتىپ، بىر-بىرىنى ئىتتىرىشلەر باشلاندى. توساقتا قاۋىلىپ قالغان دېھقانلار خېلى كۆپىيىپ قالغان ئىدى. شۇڭا بارى يوق ئۈچ ساقچى بۇ ئالامانغا تەڭ كېلەلمەي، ئۇلار قېچىپ كېتىدىغاندەك جىددىيلىشىپ كېتىشتى.

شۇڭا ئۇلاردىن بىرى ساتىمدا قويۇپ قويغان قورالىغا يۈگەردى. ئۈچەيلەنگە بىرلا كالتە ئاپتومات بېرىلگەن بولسىمۇ، بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتقانلىقتىنمىكىن ئوق بېرىشمىگەن ئىدى. ياكى ئۇلار ئۇيغۇر دېگەننىڭ قېنى قىزىق، پەيلى تۇتۇپ قالسا گۇناھسىز خەلقنى ئېتىپ سالمىسۇن دەپ ئايىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۈچىنچى ئېھتىماللىمۇ يوق ئەمەس، ئۇيغۇر دېگەن كۆنسېرى ئەركەكلىكنى يوقۇتۇۋاتقان، قورقۇنچاق خەق، قورالنى كۆرسىلا چېچىپ بولۇدۇ، ئوقى بارمۇ يوقمۇ نەدىن بىلەتتى، دەپ ئويلىغان بولۇشلىرىمۇ مۇمكىن ئىدى. يەنە تېخى تۆرتىنچى ئېھتىماللىقىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايتى: «بۇ ئۇيغۇر دېگەننىڭ ھەممىسى پوتانسىيال دۈشمەندۇر، كىم بىلىدۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھى ھى قىلغان بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ تېرورچىلىرىنى كۆرگەندە ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ، شۇڭا ئوق بىلەن قورال تۇتقۇزۇپ قويساق ئۆزىمىزنى ئاتسۇنمۇ؟»

نېملا دېگەن بىلەن، ئۇلارمۇ ساقچى دېگەن ئاتىقى بار نېملەر ئەمەسمۇ، قورالى باردى. ساقچى يىگىتلەرگە ئاسان دەمسىلەر؟ بۇرۇنقى ساقچىلارغۇ تېنىچ دەۋرلەردە ئىلغىلى ئىشى يوق، ئىشخانىدا قارت ئويناپ، زېرىكسە

بازارغا چىقىپ، ئارىلىسا، قاسقان شەپكە دەسمى بولۇپ، شەپكىدىن ھۆركۈيدىغانلار بىكاردىنلا خۇشامەت قىلىپ، بىرى لەگچۈغا، بىرى ئۆپكە –ھېسىپكە، بىرى سامسىغا تەكلىپ قىلىپ، قوساق بېقىپ يۈرۈشكىنى بىلەن، مانا ئەمدى جاھان تېنىچ بولماي قالدى، بۇنداق ئۇزاق سەھرالارغا يولداشلار كېلىپ تۆۋەتچىلىك قىلامدۇ؟ تىل بىلمەيمىز دېسىلا پۈتتۈدۇ، ئىشخاندا قېلىۋېرىدۇ، مانا مۇشۇنداق بىچارە ئۇيغۇرلار كېلىپ، ئوقۇمىغان نادان سەھرالىقلارنىڭ ئىچىدە رەج ئۇقتۇرالماي دەققەت بولۇپ، چارچاپ تۆگەيدۇغۇ.

ئاسان مائاش نەدە؟ يولداشلار ئىشەنمىگەندەك نەزەردە قاراپ جاننى چىقىرىۋاتقان، تۆۋەندە خەلق تېخى رازى بولمىغان! شۇ تېرورچى دېگەن نېمىلەرگە نېمە كەمدۇ؟ نېمىشقا تېنىچ ھاياتنى ياخشى كۆرۈشمەيدىكىنە؟ ئۇنىڭ نېنى تارتىۋالغاندەك، بىكاردىنلا يولداشلانى ئۆلتۈرۈۋاتقان، ئادەمنىڭ نومۇسنى كەلتۈرۈپ، مائاشنى بەرسە ھۆكۈمەت بېرىۋاتسا، ئۇلارغا نېمە ئېغىركىن؟! ھەي، نادانلىق!

مانا ئەھۋال مانا شۇندا؟ قائىدە بىلىشمەيدۇ، كۆزن بويى قائىدە سۆزلىسەكمۇ، قۇرۇقتىن-قۇرۇق يالۋۇرۇۋېرىشىدۇ. شۇندىن كۆرە دىككىدا بېرىپ، دېگەن خەتنى ئەكەلسىلا بولمىدىمۇ؟ بىر ئاز ھەددىنى بىلدۈرۈپ قويمىساڭ تېخىمۇ ئۆزىنى بىلمەي قېلىۋاتقان. قاسقان شەپكىنىڭمۇ سۆرى قالمىدىمۇ بۇ خەقنىڭ ئالدىدا؟ بىز دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ ساقچىسى تۇرۇپ، مۇشۇ لاي سۇ ئىچكەنلەرنى ئىگەلىسەك سەت ئەمەسما؟

— قانۇن ئىجرا قىلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزۈشۈۋاتىسەن ھەددىڭنى بىلىش! — ئۈچ ساقچىنىڭ بېشى دەپ پەرەز قىلغىنىمىز قولىدىكى كالتە ئاپتوماتنى شاراقلاتتى. گەرچە ئوق يوق بولسىمۇ، زاتورنى تارتىپ، قۇرۇلغا ئالغاندەك پەش قىلدى. دېھقانلار بىردىنلا قۇلاقلىرىنى ئېتىپ، كەينىگە داجىشتى. ئەمما يىگىتلەر ئەخمەقلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار بۇنداق يالاقچى ئۇيغۇرلارغا ئوق بەرمەيدىغانلىقنى، ئوق بەرگەن تەقدىردىمۇ ھىسابىنى ئالۇدۇ دەپ قورقۇپ، ئوق چىقىرالمايدىغانلىقنى بىلىشەتتى. شۇڭا ئابدۇسالام:

— ئاتە! يامان بولساڭ ئاتە! ھۇ مۇناپىق غالچا! ھۇ ئۆزىنى بىلمەيدىغان ئازغۇن غالچا! — دېگىنىچە كۆكسىنى ئېچىپ ئالدىغا قىستاپ كېلىۋەردى.

بۇ ھال ساقچىلارغا بەكمۇ ھار كەلدى. ئاتاي دېسە ئوق يوق، بۇنى بىلىپ قالسا تېخىمۇ شەرمەندە بولۇشنى بىلگەچكە يالغان پەش قىلىشنى داۋام قىلاتتى:

— ھېلى باكا، پۇشمان قىلىشقىنىمۇ ئۆلگۈرەممەي قالاسەنمىكى، ھېلى باكا، ئاپلا!

— ئېتىڭلا، ئادېش، مانا بىز گۇۋا، نېمىدىن قوقسىلە؟ بىزگە ھۇجۇم قىلدى، قوغدىنىشقا مەجبۇر بولدۇق دەيمىز، ئېتىڭلا، دەيمەن!

— ئاتە، مازپاينەك! غالچا، غالچىلىقىڭمۇ بىلگۈچىلىكى يوق ئازغۇن، ئاتە! — ئابدۇسالامدىن قېلىشقا كۆزى قىيمىغان يىگىتلەردىن بىرىمۇ كۆكسىنى ئېچىۋېلىپ دېۋەيلىدى.

بۇ ئەمدى ئەركەكچىلىك، مەرت-مەردانىلىقنىڭ ئىمتاھانىدەك تۇس ئېلىپ قالدى. بۇ ھالدا چېكىنىش، ساقچىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلاتتى. ئوق بولسىدى، چوقۇم ئاتاتتى. ئاندىن نېمە كۆرسە كۆرەتتى. شۇغۇنىسى ئوق يوق ئىدى. شۇڭا شارت كەينىگە بىر قەدەم داجىپ تۇرۇپ، ئاپتوماتىنىڭ شىتىكىنى چىقاردى-دە بېسىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن ئابدۇسالام پىچاقنى قولىغا ئېلىپ، دوستىغا ھەمدەمگە تەييار بولدى. ساقچى شىتىكلىك ئاپتوماتنى ئۇ ياق، بۇ ياققا شىلتاپ، راستىنلا سانچىۋېتىدىغاندەك ھەملە قىلىشقا باشلىغانىدى. بۇنىڭغا چىداپ تۇرۇش، يىگىتلىك غورۇرىغا مىسلىسىز ئېغىر بىلىنگەن يىگىتلەر بولسا ھەممىسى پىچاقلىرىنى چىقىرىپ، ساقچىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشقا مەجبۇر بولۇشتى.

مۇشۇ قىلىقنىڭ ئۆزىلا ئۇلار ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت تۈرمىدە يېتىشقا يېتىدىغان جىنايەتنى شەكىللەندۈرۈپ بولغان ئىدى. ئەمدى قىلمىغان قاتىللىق ئۈچۈن، ھېچ پايدىسى يوق ھەملىلەر ئۈچۈن زىنداندا چىرىپ يېتىشتىن كۆرە، بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندىكىن، «مانا ئەمسە» دەيدىغان پىرىگىمۇ كېلىپ قالغان ئىدى. ئابدۇرېھىم بۇلارنى ئەقلىدىن ئۆتكۈزدى. «ئاللاھ پېشانىمىزگە شۇنى پۈتكەن ئوخشايدۇ، ئەمدى بىز يول قويساقمۇ تۈرمىدىن قۇتۇلۇش يوق» شۇلارنى ئويلاپ، باياتىندىن بېرى دوستلىرىغا ھاي بېرىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بۇ يىگىت، بىردىنلا بولدى قىلىپ، ئەكسى ھالدا:

— ئۆتتۈرە، مۇناپىقلىنى، خىتاي ئىزدەپ نەگە بارىتۇق، مۇناپىقمۇ ئوخشاش! تىقە پىچاقنى، بولغۇلۇق بولدى! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز بۇنداق قارارغا كېلىشىدە، كىم بىلىدۇ دېھقانلار ئىچىدىن بىرلىرى خالىس خەۋەرچىلىك قىلىپ بولغان بولۇشىمۇ ئېھتىمال ئىدى، ئۇ ھالدا ھېلىلا بىر توپ ساقچى ياردەمگە كېلىدىغان بولسا بۇلارنى مىدىرلاتماي تۇتۇۋالاتتى-دە، تۈرمىگە كەتتىنىڭ دېگەن گەپ ئىدى.

ئالته يىگىتنىڭ ئوڭ تەتۈر پىچاق شىلتىشى بىلەن ساقچىلار قەدەممۇ -قەدەم چېكىنىپ، ئۆزىنى قوغداش ۋەزىيىتىگە چۈشۈپ قالدى. تۇرقىدىن ئۆلۈم ۋەھىمىسى چىقىپ تۇرغان ھالدا، ئاجىزانە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى داۋام قىلاتتى:

— گۇنادىن قولۇڭلارنى ژىغىڭلار، شەيتاننىڭ كەينىگە چىمەڭلار، پارتىيەنىڭ كەڭچىلىكىگە ئېرىشىسىلە، ھەممىمىز ئۇيغۇر ئەمەسما، ماندا قىلىشىپ كەتمەيلى، بىز يەنە سىلىنى قوغداپ قېلىش تەرەپدارى بولۇپ گۇۋالىق بېرىمىز، ئۇندا قىلماڭلا!...

— ۋېي! سەن ئۇيغۇرما؟ نەرىڭ ئۇيغۇر سېنىڭ؟ بايا قىلغان قىلىقىڭ ئۇيغۇرنىڭ قىلىقىما؟ چوڭ داداڭدەك ئادەمنىڭ ساقىلىنى تۇتۇۋېلىپ، ئېڭىكىنى كۆتەگەن چېغىڭدا ئۇيغۇرلۇقۇڭنى ئۇنتۇپ قاغانما؟ چىمنى دەپ قىلىشىۋاتسەن؟ ھۇ مۇناپىقلا!

— ماندا ئەكسىيەتچى گەپنى قىلماڭلا، بۇنىڭ ھىسسىپىنى بەمەك تەس كەپ قالامىكى... ۋايجان!

— مانا ساڭا ھىساپ، ھىساپنى ماندا بەسەكقۇ بولا، مانا ساڭا ھىساپ! مانا!...

— ۋايجان! خەلق ساقچىسىنى ئۆلتۈرەۋاتىدا، ئادەم بوساڭ ھۆكۈمەتكە خەۋە قىل، ۋاي ئادەم ئۆلدى!

قىيا-چىيالارغا قارىشىپ تۇرغان دىھقانلار مانا ئەمدى ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى بۇ تەقلىتتە ئاياغلاشقىلى تۇرغاندا قورقۇپ تىترەشكە باشلىدى.

— ئاپلا، ما قاتىللىنى قايلاڭلا، ساقچى باللىنى ئۆتتۈرۈدۇغان (ئۆلتۈرۈدۇغان) بولدى! — دەپ ئېچىنىشقا باشلىدى ئۇلار.

بايا ساقچى بىلەن دە-تالاش قىلىپ، ساقىلى تارتىلغان بوۋاي بولسا ئارىدىكى ياشراقلارغا:

— جۇگۇگلا (يۇگرەگلار)، پەيسۇغا خەۋە قىپ قويالىلا، ياش بوغاندىكىن، قوكاكلىدا ۋەلسىتىكلا بوغاندىكىن، — دېدى تىتلىق بىلەن. ياشلاردىن بەزىلىرى ۋەلسىتلىرىگە مىنىشىپ، يامانيار يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە ئاتلانغاندا بولسا، بوۋاي ئۆزىمۇ تۇرالماي، ئېشىكىگە مىنىپ شۇ تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ ھودۇققان، قورققان، ئۆكسىلى ئۆچكەن ھالدا، —قىران باللىنى ئۆتتەدى-دە، ئازغۇنلا، ۋاي ئىسىت، بۇزۇق ئادەملە دېسە، قاندا بولىدىكى دەپتۇق، پىنىمىزدىلا بولۇدۇكەن ئەمەسما!... — دېگىنىچە سۆزلەپ كېلەتتى.

يولدا ئۇچراپ، «نېمە بولاپتا؟» دەپ سورىغانلارغا بولسا:

— ھۆكۈمەت تۇتۇمىز دەپ ئىزدەۋاتقان بۇزۇقلا ساقچى باللىرىمىزنى قىيما-چىما قىلىۋەتتى، قاراپ تۇرۇۋېلا! — دەپ ۋايسايتى. ئاندىن يەنە ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ، — ئاللاغا ئامانەت، ئازغانلانى ئۆزەڭ ھىدايەت قىل، ئاللا! ما ئىشنى قاراڭلا، قاراپ تۇرۇۋېلا قىران باللىنى،ھە...

بۇ ياقتا بولسا يولنىڭ مىلىقلاپ تۇرغان قۇمساڭغۇ تۇپراقلىرىدا قان داغلىرى، قانلىق ئىزلار ئاشكارە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ساقچىلاردىن ئىككىسى ئاللىقاچان يول بويىدىكى ئېرىقتا دومۇلاپ كەتكەن ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۆزىدىن ئاققان قانلار ئېرىقتا يىغىلىپ، جەسەتلەر چىلىشىپ قالغانىدى. يەنە بىرى ئۈمۈلەپ، مۆدۈرۈپ، چوقۇرۇپ قىچىشقا تىرىشىۋاتاتتى. كەينىدىن يۈگرەپ بارغان ئابدۇسالام بولسا ئۇنىڭ دوگىغۇيۇپ تۇرغان ئەپلىك ھالىتىدە كۆتىگە شىددەت بىلەن بىرنى تېپىۋىدى، ئۇمۇ قاكىشىپ بېرىپ يۈزىچىلا يولغا يىقىلدى. ئۇنىڭ قان ئېقىۋاتقان جاراھەتلىرىگە يولنىڭ توپىسى يۇقۇپ، لايغا ئايلانغان، قانلىق لاي بىلەن بۇلغانغان يۈزىدە پەقەتلا كۆزلىرى ئاشكارە كۆرۈنەتتى. كۆزلىرىنىڭ ئېقى يوغۇناپ كەتكەندەك، يوغان ئېچىلغان ھالدا قارىقى قېتىپ قالغان ئىدى.

ۋەقەدىن قورقۇپ كەتكەن دېھقانلار يولنىڭ يەنە بىر چېتىدە غۇژمەك بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار نېمە قىلارنى بىلمەيتى. شۇ ئارىدا ياشراق بىرى:

— ئەمدى يولىمىزغا ماڭمايلىما، — دېدى پېتىنىمغاندەك قىلىپ.

— بومايدا، بالام، بومايدا، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق بىر دېھقان، —ئۆز بېشىمىزغىلا كېتىۋەگەن بىلەن خاتالىق بولۇدا، بىزنى بىڭ كىم سەن ئۆتتۈڭ دېمىگەن تۇسا، ئۆتەپ كەتسەك قاندا بولۇدا؟

— دادىلىرى راست دەيدا، ساخچى باللا بىزنى تېخى ئۆتتۆك دېمىگەنتى ئەمەسما، ھېلىغىچە باشقىلىرى كېلىدا، ھەقچان، بۇندا تاشلاپ قويمايدا يولنى، باشقىلىرى كەگەندە رۇخسەت بېرىپ قاسا ئۆتەمىز، — دېدى يەنە بىر پىشقەدەم.

— توۋا، رەڭگى روھى خېلى تۈزۈكتەك كۆرەپتىكەنمە، ھەجەپ يامان شۇملاكەن ئاۋۇ؟ دۈشمەن دېگەننى-زە بىژىمە دەپ بوممايدىكەن، جۇما،...

— شۇنى دەيمەن، نەۋقىران ساقچى باللىنى دېسىلە، نېمىلا دېگەن بىلەن شۇ بىچارىلەمۇ پېژ-پېژ ئاپتاپتا بىزنىڭ ئامانلىقىمىزنى دەپ تۇغانتى ئەمەسما، ۋاي ئېسىت!..

ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرى شۇ تەقلىتتە داۋام قىلىپ كېتىۋەردى.

بۇ مەزگىلدە بىزگە تونۇش قاتىللار تامامەن ئەقلىنىڭ كونتروللۇقىدىن پارىغ بولغاندەك بىر خىل كۆرۈنۈشتە سەندىرەكلىشىپ، يار تەرەپكە كېتىشتى. ئۆلگەن ساقچىنىڭ قورالىنى ئېلىۋېلىشنى ئويلىغۇچىلىكمۇ يوق ئىدى. ھەر دايىم مۇشۇنداق بولۇدۇغىنىدەك، بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى.

ئۇلار يارغا چۈشۈپ، ئادەملەردىن، چىغىرلاردىن ئۇزاقراقتا كېتىشىپ، توختام سۇ ئازگاللىرىدا قانغا بويالغان قوللىرىنى، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇشتى. نېمىدىندۇر يىركەنگەندەك، قۇرۇق قەي قىلىشىپ، ئېقىم تەرىپىدىن يېيىتىلغان قۇم ئېستىگە ئۆزىنى تاشلاشتى. ئۆز ئارا گەپ قىلىشقۇدەكمۇ ھالى باردەك قىلمايتى. تۇنجى ئادەم ئۆلتۈرگەنلەردە كۆرۈلىدۇغان قورقۇنۇچ، كۆڭلى ئاينىش، ئۆز-ئۆزىدىن يىركىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ قىينىشىدا ئەقلىمۇ ئىشلىمەي قالغاندەك قىلاتتى.

بىر ھازادىن كېيىن ئابدۇرېھىم ئېسىنى يىغدى. ئۇ ھېچكىمگە بىۋاستە پىچاق تىقمىغان ئىدى. پەقەت ھاياتىدا ھېچ كۆرۈپ باقمىغان كۆپ مىقداردىكى ئادەم قېنى ۋە ۋەھشىي شەكىلدە قانغا مىلىنىپ ياتقان ئۆلۈكلەرنى كۆرۈشتىن ئەقلى قېتىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدا بىۋاستە ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەردە بولۇدۇغان روھىي ئۆزگىرىشلەر، پاسسىپلىق، تورمۇزلىنىش بولماي، قاتتىق قورقۇپ كېتىش ۋە قاندىن كۆڭلى ئاينىش كۆرۈلگەنچىكە ئەڭ ئەۋۋەل

ئۆزىنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالغان ئىدى. قۇمدىكى ياتقان ئورنىدىن ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ، خۇددى چۈشىدىن ئويغانغان ئادەمدەك ئەلەڭلەپ ئۇ ياق، بۇيېقىغا قارىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى ئۈندەرەشكىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ھېلىلا قىلىپ قويغان دەھشەتلىك ئىشىنى ئېسىگە ئالدى، ئېسىگە ئالدى دېگىنىمىز، ئەقلى بىلەن ئويلىدى، ئاقىۋىتى ھەققىدە ھەم ئويلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە يېتىشىۋەرگەنىنىڭ پايدىسى يوق، ھېلىلا ساقچىلار يېغىپ كېتىدۇ. تۇتۇلىدۇ. شۇڭا دەرھال بىر ياققا كېتىپ دالدىلىنىش كېرەك!

نەگە بېرىپ دالدىلانسا بولار؟ قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھامىنى ئۆلۈشىنىمۇ ھەركىم بىلىدۇ، ئەمما مۇشۇ يېقىن ئارىدا ئۆلىدىغانلىقىنى، تۇتۇلسىلا ساق قالمايدىغانلىقىنى مانا ئۇ تۇنجى بولۇپ ئېنىق بىلدى. يېقىندا ئۆلىدىغانلىقىنى، ئەمدى ئائىلىسىنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، بۇرۇنقىدەك، ئەركىن بولمىسىمۇ، ھەرھالدا تۈمىدىن ياخشىراق ھاياتقىمۇ قايتا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم ھەركىمنىڭ بېشىدا بار، ئەمما بۇلارنىڭ بېشىدىكى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ يېقىن ئىدى. مانا شۇلارنى بىلگەن ھالدا ياشىماق نەقەدەر دەھشەت! ئۆلۈم سائەتلىرىنى، مىنۇتلىرىنى ساناپ ياشىماق نەقەدەر دەھشەت! قۇمساڭغۇ تۇپراقلارغا مىلىنىپ بولسىمۇ ياشىسا نەقەدەر تاتلىق؛ ھاياتنىڭ ھەممە نېمىسى، جاپاسىمۇ، ئىزتراپلىرىمۇ نەقەدەر تاتلىق؟! ئاشۇ ئاسماندىكى ئاپپاق بۇلۇتلار، بۇلۇتلار ئارىسىدا تېخىمۇ تىنىق ۋە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان چوڭقۇر سۇدەك كۆك ئاسمان نەقەدەر يېقىملىق! بۇلارنى پەقەت ھايات ياشىغانلارلا كۆرەلەيدۇ. ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ھېچنېمە مەۋجۇت ئەمەس! يار بويلىرىدا ئانچە-مۇنچە ئۈچ چىقىرىپ قالغان يۇلغۇنلارمۇ، مۇسۇ قۇملۇق يارمۇ، يارنىڭ شور ئارىلاش گىرۋەكلىرىمۇ مەۋجۇت ئەمەس! ئەڭ يېقىمسىز، ئەڭ كۆرۈمسىز نەرسىلەرمۇ ئۆلگەنلەر ئۈچۈن مەۋجۇت ئەمەس! ھەتتا تۈرمىدە چىرىپ ياشىغانلارمۇ دەرھال ئۆلىدىغانلاردىن ياخشىراقتەك قىلاتتى. ھاياتنىڭ بۇ قەدەر تاتلىقلىقى، ئۆلۈمگە سائەتلەر قالغان ۋاقىتتا تېخىمۇ ئېنىق بىلىنەتتى.

ئۇ چەكسىز مەيۈسلۈك، پۇشايمانغىمۇ، ئۆكۈنۈشكىمۇ، ھەسرەتكىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان، شۇنداقلا ھېچقايسىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل روھىي ھالەتتە قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئۈچۈن مۇشۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوقتەكمۇ قىلاتتى. ئەمما يەنە شۇ ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش، ھايات سۆيگۈسى ئۇنى ھايات قېلىشقا، بۇنىڭغا چارە تېپىشقا، ئۇرۇنۇپ بېقىشقا ئۈندىدى. تېخىمۇ بالدۇر ئۆلۈش ۋەھىمىسىدىن چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى. شۇنداقلا باياتىنقى پاسسىپ روھىي-ھالىتىدە ئەقلىگە كەلگەن بارلىق ئەزگۈچى خىياللار ئورنىنى ئۈمىتلىك ئويلار ئىگىلەشكە باشلىدى. توغرىسى ئۇ ئۆز-ئۆزىنى ئۈمىتلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى. ئېتىقاد ھەققىدە ئەمدىلا ئېسىگە ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. ئېتىقاد! ئەنە شۇ مۇقەددەس ئېتىقاتلا ئۇنىڭغا مەدەت بېرەلەيتى. ئۆلۈمنىڭ قورقۇنۇچلۇق ئەمەسلىكى شۇندىن كېيىن ئايان بولۇپ، كۆڭلى تەسكىن تاپتى. مۆمىن ئۈچۈن ھايات — كۆرەش ئىدى؛ ئۆلۈم — جەننەت دېمەكتى. بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە پايدا ياتاتتى. نېمىسىدىن قورقۇش كېرەك؟ قورققۇدەك ھېچنېمە يوق! ئۇ دۇنيادىن ئۈمىدى يوق مۇناپىقلارلا ئۆلۈمدىن قورقىدۇ!

ئابدۇرېھىم دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، دوستلىرىنىڭ پۇتىغا تەپتى. دادىل-دادىل تەپتى:

— تۇرۇڭلا، باللا، ئۆلۈمنى ساقلاپ ياتامدۇق؟ ئاشۇنچىلىك ئىش بىلەنلا ئىشىمىز پۈتتىمۇ يا؟ تۇرۇڭلا، تېزرەك كېتىلى بۇ يەدىن.

تېپىش بىلەن بولمىدى، بەزىلىرىنى مۆرىلىرىدىن سىلكىپ تۇرغۇزۇشقا توغرا كەلدى. كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۆلۈپ ياتقان ئۈچ جەسەت، يەرگە يېيىلىپ، قۇمساڭغۇ تۇپراققا سىڭىپ كەتكەن ئۇ قەدەر كۆپ قان! دەھشەت سالىدىغان مەنزىرە ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن شۇنچىلىك ئاسانلا كېتەمدۇ؟!

ئابدۇرېھىم ئۇلار بىلەن كېڭەشىشنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، «جوڭلا» دەپلا ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ يار ئىچى بىلەن ئېقىم يۆنۈلۈشىدە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مىشاغا بارىمىز دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلار كۆپ ئىدى، ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى بەس-بەستە بۇنى مەلۇم قىلاتتى. بۇمۇ كۆكۈللەرگە ئايان ئىدى. شۇڭا دۈشمەن ئۇلارنى مىشا تەۋەسىدىن ئىزدەيتى. بۇ بىر ئاددىي رىجە تۇرسا مىشاغا بارغىلى بولاتتىمۇ؟ ئابدۇرېھىم قىزىلبۇيا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە نىيەت قىلىپ يولغا چىققانىدى. باشقىلار بولسا مەيلىنى ئابدۇرېھىمغا تاپشۇرۇپ، ئەلەڭ-سەلەڭ روھىي ھالەتتىن چىقالمىغان ھالدا ئارقىدىن كېلىشەتتى.

ئۇلار يار ئىچى بىلەن يۈرۈپ، چوكانيارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە شەرقىي قىرغاققا چىقىشتى. كۆز ئالدىدا ئۈچ — چېكى يوق كېۋەزلىكلەر، قوناقلىقلار يېشىرىپ ياتاتتى. كەچ كىرىپ قېلىۋاتاتتى. ياخشىكى قوزا چۆش بىلەن يەۋالغان لەغمەن ئۇلارغا قۇۋۋەت بولدى، ئەتتىگەنكى ناشتا بىلەنلا بولغان بولسا ئۆزۈلۈپ قالاركەن. ئۇلار قوناقلىقلارغا شۇڭغۇدى. ئاھالە نۇقتىلىرىدىن ئەڭ يىراق بولغان بىر قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنى تاشلاشتى.

ئەمدى ئەڭ ئەۋەل ئەقلىگە كەلگىنى قېنىپ بىر ئۇخلاپ، ئۆگە-ئۆگىلىرىگە يىغىلىپ قالغان ھاردۇقلىرىنى چىقىرىۋېلىش ئىدى. شۇغۇنسى يەيدىغان بىر نەرسە يوقىدى. ھەممىدىن بەك ھەسەننىڭ قورسىقى ئېچىپ ئۇيقۇسى كەلمەيدىغاندەك قىلدى. شۇنداقلا قورقۇنۇچلۇق مەنزىرىلەر كۆز ئالدىدا قايتا جانلىنىپ تۇرۇۋېلىپمۇ ئۇخلاتمايدىغاندەك قىلاتتى. ئابدۇرېھىم مىشالىق ئىمامغا قاراپ بىردەم كۆزەتكەندىن كېيىن:

— قانداراق تۇرۇلا، ئادىش؟ — دەپ سورىدى.

— پەقەتلا ماجالىم يوق، ئۇخلاي دېسەم ئۇيقۇ تاپالايدىغاندەك قىلمايمەن، كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتسىلام قان كۆرۈپ، چۆچۈپ كېتىۋاتىمەن،... — دېدى ھالسىراپ.

— ماڭغۇدەك ھاللىرى باما؟

— ئۆرە تۇرغۇدەك ھالىمنى دېسىلە بى...

— ئەمما بۇندا ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتسەك بولمايدا، ھېرىپ كەتكۈدەك جىق يولمۇ ماڭمىدۇق، ئىشمۇ قىلمىدۇق، ھاغۇزۇۋاتقان ئىش ئاشۇ ئىش، بۇ ۋاقىتلىق، ھەممىسى ئۆتەپ كېتىدا. ئايەت ئوقۇپ ئاللاھتىن ياردەم تىلەيلى. ماندا بى ئىش با، نەدىن بوممىسۇن يىگىدەك بىژ نەسە تاپمىساق بومايدا. ئىمام مىشا تەرەپكە بېرىپ كەسۇنمىكى دەيمەن، نان-پان ئەكەسۇن، كېچىچە بېرىپ دەرھال يانسا، كۈندۈزى بىز قوناقلىقتا يېتىپ، ھاردۇقنىمۇ چىقىرىۋېلىپ، ئاندىن كېچىلەپ قىزىلبۇيا تەرەپكە كەتسەك، ئۆز باللا بوغاندىكىن، ئۇ يەدىن پانالىق تاپارمىزمىكى دەيمەن.

— ئۆيگە بېرىپ كېلەلىشمىگە كۆزەم يەتمەيدۇ، جۇما، ئادىش،... يولدا يىقىلىپ قالامەنمۇ دەيمەن...

— توختىماي سۆرە ئوقۇپ ماڭسىلا، ئاللاھ مەدەت بېرىدۇ، يول ماڭسىلا تېخى بالدۇراق كۈكۈللىرى ئېچىلىپ كېتەمدۇ، تېخى، — دېدى ئابدۇرېھىم، — تۇسۇلا، ئۆيلىرىگە بېرىپ قاممىسىلا، ئاغىنىلەنىڭ ئۆيىگە باسىلا. كىم بىلىدۇ سىلىنىڭ ئۆيىنى پايلاپ ياتقان بىرەسى يوق دېگىلى بومايدا. ھايال بوممىسىلا.

ئىمام ئېتىزلىقنىڭ قىرلىرى بىلەن جەنۇپ تەرەپكە كېتىپ، ئاياق تىۋىشىمۇ يوتتى. قوناقلىقتىكىلەر بولسا گەپلىششكىمۇ ھەپسىلىسى يوقتەك جىم ئىدى. ئۇخلىغاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ يېتىشاتتى-يۇ، ئۇيقۇ تاپالىغانىنىڭ تايىنى يوق، چۆچۈپ-چۆچۈپ كۆز ئېچىشاتتى. ئابدۇرېھىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى چۈشەندى. ئۇ ئۇيقۇسىزلىقتا چىداپ، قاراۋۇللۇق قىلمىسا، دوستلىرىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. بۇ بىر بوھران ئىكەنلىكىنى ئۇ نەزەرىيە جەھەتتىن بىلەتتى. بوھران ئۆتۈپ كەتسىلا قورقمايدىغان بولۇپ قالاتتى. ھەتتا ئېيتىشلىرىچە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خۇمار بولۇپمۇ قالارمىش.

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئاندىن باللار يېنىك خورەك تارتىپ ئۇيقۇ سەھراسىغا كېتىشكەندەك قىلدى. شۇندىمۇ پات-پات چۆچۈپ ئويغىنىپ تۇراتتى. كېچىنىڭ كېيىنكى ئۈچتەن بىرى كىرگەندە ئابدۇرېھىم تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇغاچ ئىمامنى كۈتتى. ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغۇتۇشقا قىيمىدى. ئەگەر ئۇلار ئۇيقۇغا قېنىپ يېشىلىپ قوپمىسا ئەتىكى ھەركەتكىمۇ دەخلىسى بولاتتى. ئىمامنىڭ شۇنچە ھايال بولۇشىمۇ ئۇنى ئەندىشىگە سالغىلى تۇردى.

ئۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بولۇپ زىكرى ئېيتىپ ئولتۇرغىنىدا «شىپىر-شىپىر» ئاياق تىۋشىنى ئاڭلىدى. بۇ يالغۇز كىشىنىڭ ئاياق تىۋشىدەك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئېھتىياتتىن پىچىقنى چىقىرىپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قۇلىقىنى شىڭتايتىپ، كۈتۈپ تۇردى. كەلگەن ئىمام ئىدى. ئاللاھقا شۈكرىلەر بولسۇنكى، ئىمام ۋەزىيەتنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ئورۇنداپ كەپتۇ. ئۆزىمۇ ئېچىلىپ قاپتۇ.

— ھېرىپ كەتتىڭلە، نامازنى ئوقۇپلا ئۇخلىۋالسىلا، — دېدى ئابدۇرېھىم ۋە، — ئەمدى باللانى نامازغا ئويغۇتاي.

سەھەرنىڭ نەمخۇش سوغۇق ھاۋاسىدىن تىترەپ كەتكەن يىگىتلەر چالا ئەسنىگەن ھالدا ئۇيقۇلىرىنى ئاچتى.

— يېقىنراق بىر يەدە سۇ يوقمىدۇ؟ — دېدى ئابدۇسالام.

— مەن تەيەممۇم قىلدىم، سىلىمۇ تەيەممۇم قىلىشسىلا، سۇ ئىزدەيمىز دەپ تەمتىلەپ ژۈسەك قاملاشمايدۇ. ئەمدى ئاخشاملىققىچە چىداشقا توغرا كېلىدۇ، باللا. ئاخشاملىققا يولغا چىقىمىز، يولدا سۇغا دۇچ كەلسەك ئىچەمىز، تاھارەتنىمۇ كامىل ئالامىز، بولمىسا چارە يوق.

— تەيەممۇمغۇ قىلامىز، ئەمما-زە، ئېگىنىمىزدىكى قانلار قاندا بولا دەيمەن يا؟

— ھېچنېمە بولمايدا، ساھابىلەرمۇ جىھاد مەيدانلىرىدا قان ژۇقى كىيىملىرى بىلەن ناماز ئوقۇغانغۇ، ئۇنتۇپ قاللىما؟ بوسىلا، ئىمام ساقلاپ قالدى، نامازنى ئوقۇپ يېتىۋالسۇن كىچىككىنا.

ئۇلار جامائەت بولۇپ بامداتنى ئوقۇۋالغاندىن كېيىن ئاران ھالى قالغان ئىمام گۆپپىدە چۆشكەن يېرىدە ئۇيقۇغا كەتتى. باشقىلار خېلى كۆتۈرەڭگۈ كۆرۈنەتتى. ئەمدى ئۇلار بىلەن مەسىلە مۇزاكىرە قىلىشقا مۇمكىندەك قىلاتتى.

— خوش، باللا، قاندا ئويلاۋاتىسىلە؟ نېمە قىلىمىز دەيسىلە؟ — دەپ پىكىر سورىدى ئابدۇرېھىم.

— ئابدۇسالام دېگەن ئاداش، مەن بىلگەندىمۇ ئىشتىكراقكەن ئەمەسما، باكادىن ئىش تېرىپ،... — دېدى ھەسەن بىر ئاز پۇشايمانلىق كەيپىياتتا.

— ماندا لاتا گەپنى قىماڭلا، ئادېش، — دېدى ئابدۇسالام ئاچچىقى كېلىپ، — ئەمدى بوغاندا پۇشايماننىڭ بىر پايدىسى باما؟

— ياق، مەن قوقۇپ دەۋاتمايمە، ھامنى ئادەم ئۆتتەگەندىكىن، خىتاينى ئۆتتەسەكچۇ، دەيمنا، ئۇيغۇرنى ئۆتتەگىنىمىز كۆڭلۈمنى سەل،...

— ھەسەن قارىم، ماندا تاينى يوق گەپنى ئىككىنچى قىممىسىلا، ماقما؟! — دېدى ئابدۇرېھىم سەل چېچىلىپ، — نېمە ئۇ ئۇيغۇر دېگەن؟ ئاشۇلا ئۇيغۇرما؟ كىم ئۇچۈن، نېمە ئۈچۈن ئالدىمىزنى توستى ئۇلا؟ قورالىدا ئوقى بولسا بىزنى ئاتاتتى ئاتمامتى؟ خىتاينىڭ ساقچى كىيىمنى كەيگەن گۇيلانى ئۇيغۇر دېگەنلىرى نېمىسى؟ سىلى يا بى قارا قوساق بومىسىلا... ئۈچ خىتاينى ئۆتتەدۇق دەۋەسىلە، ماندا، ئەكەكتەك! ئەما-زە خاتا بوغان ئىش بىزنىڭ سەل ئىشتىكلىك قىپ قويغىنىمىز بولدى. بىز دېگەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بى ئىشقا بەل باغلىغان ئەدەم بوغاندىكىن، پىلانىمىز بويىچە ئىش قىغان بوساق، مانچۇۋالا ئەزان كەتمەيتۇق، جىقراق ئادەمنى سەپكە قاتالايتۇق، جىقراق دۈشمەننى ئۆلتۈرەتتۇق، ئەمدىزە، ھېچ كۆتمىگەن يەدىن، «ھادىس ئاقيەدىن»دېگەندەك ئىش بولدى. پۇشايماننىڭمۇ بى پايدىسى يوق، شۇندا بوسىمۇ ئادەم سەل،... نېمە بولۇدۇكەن...

— ئابدۇرېيىماخۇن، ماندا كۆڭەلنى غەش قىلىدىغان گەپنى قىممىسىلايا، — دېدى ئابدۇسالام چېچىلىپ، — بىلىپ تۇرۇپ،...

— بولدى، بولدى، ئاۋازىڭلا ياڭراپ كەتتى، سەھەننىڭ جىملىقىدا بىسى ئاڭلاپ قالمىسۇن، — دېدى قەييۇم، — نېمە قىلىمىز، نەگە بارىمىز، ماگەپنى دېيىشمەيلىما؟

— ئابدۇقەييۇم توغرا دەيدا، شۇنى دېيىشىلى، راستىنى دېسەم مەنغۇ ھازىر نەدىلىكىمىزنى، بۇ يەگە قاندا كەپ قاغىنىمىزنىمۇ بىلمەيمە، —دېدى ئىمام سەممىيلىك بىلەن.

— ھازىر بىز چوكانىيانىڭ كۆن چىقىش تەرىپىدە، ھاجى مەلىسى تەۋەسىدە بىر يەردە بوساق كېرەك، — دېدى ئابدۇرېھىم تۈنۈگۈنكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن.

— بۇ يەدە نېمىش قىلىمىز؟

— مىشاغا بارىدىغىنىمىزنى دېھقانلانىڭ ھەممىسى ئاڭلىدى، بىزنىڭ خەقنى بىلىشىلا، ئازغۇن، بەغەرەزلىكتە قاياشى يوق بى خەق، ئۇ گەپلەنى مەلۇم قىماي تۇرامايدا، شۇڭا مىشا تەرەپكە باماي، قىزىلبۇيا تەرەپتە بىر زامان پانالىنىپ تۇساقمىكىن دەپ بۇ يەرگە باشلاپ كەگەنتىم. كۆندۈزى قوناقلىقتىن مىدىرلىيالمايمىز، دەڭلا، بۇ ئاخشام ئەل ئايىغى جىمىققاندا يولغا چىقساقمىكى؟

— بولۇدۇ، شۇندا قىلىلى، ھېلىمۇ سىلىنىڭ ئەسلىرى جايىدىكەن، بوممىغان بوسا تۈنۈگۈن يانىڭ ئىچىدىلاكىم تۇتۇلۇپ قاراپ ئولتۇرۇدۇكەنمىز، ئاللاھقا شۈكرى.

— قىزىلبۇيىغا چوڭ يولغا يېقىن ماڭساق خەتەرلىك، شۇڭا ئېتىز ئارىلاپ ماڭمىز. بۇ يەدىن چۆرۈچ تەۋەسىگە، ئۇ يەردىن قارايانتاق تەۋەسىگە ھېرىۋالساق، ئاندىن بىز بىر يەردە تۇرۇپ تۇرۇمىز، ئابدۇقەييۇم ھېرىپ تىڭ-تىڭلاپ كەلسە، ئۇ يەدىكى باللا بىرە يەنى تېپىپ بىزنى يوشۇرالامدۇ-يوق، شۇنىڭغا قارايمىز-دە.

— چاتاق يوق، قىزىلبۇيىدا بىر زامان پانالانغىلى بولۇدۇ، — دېدى ئابدۇقەييۇم غۇرۇر بىلەن.

ئەلبەختىنىڭ غەمگۈزارلىرى

يامانيار توسقۇندا يۈز بەرگەن دەھشەتلىك ۋەقە ھەققىدىكى خەۋەر ۋىلايەتكە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئامانلىققا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەۋرەپ كەتتى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچ-خاتىرجەملىكى جىددىي خەۋپكە دۇچ كەپتۇ دېگەن ئەندىشە ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىمۇ چۆچۈتۈۋەتكەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىرىگە بىۋاسىتە ئىتائەت قىلمايدىغان بولۇشىغا قارىماي، قورallىق ساقچى ئەترىدىنىڭ قەشقەردىكى 4- تارماق ئەترىدى، ساقچى ئىدارىسى، زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىدى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ باشلىقلىرىنى تېلېفونغا چاقىرىپ كايىغان بولدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جىددىي تەدبىر ئېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى.

بۇنداق بىر بۇيرۇق بولمىغاندىمۇ ئوخشاشلا قىلىنىدىغان ئىشلار شۇ گەپتىن كېيىن «ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن...»دېيىلىپ، ئەنە شۇ قالپاق ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. يەنى بىر بىرلەشمە يىغىن چاقىرىلدى. ھەركىم پەرەز قىلالايدىغان ئاددىي بىر رىجە ئىدى بۇ.

بىرلەشمە يىغىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە ئېچىلدى. بۇ ئۈچ ئورۇن ئىچىدە قوراللىق ساقچى تارماق ئەترىدى ئەڭ كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يىپ ئۇچى ۋە جىنايەت ئۇچۇرلىرى تەمىنلەنگەندىلا ھەركەتكە كېلەتتى. زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىدى (خەلق بۇلارغا پوپاكدۈي دەپ ئات قويۇۋالغان بولۇپ، زوراۋانلىق قىلغۇچى ئەترەت دېگەن مەناغا كېلەتتى. كىم بىلىدۇ بۇ سىنىپىي دۈشمەنلەر قەستەن قويغان ئىسىممۇ تېخى!) ئادىمى ئانچە كۆپ بولمىغان، كەسپىي سەۋىيەسىمۇ بولمىغان كالتەكچىلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىشنىڭ ئېغىرى ساقچى ئىدارىسى بىلەن قوراللىق ساقچى تارماق ئەترەتكە چۈشەتتى. يىغىن مەخپىيەتلىك تۈپەيلىدىن خىتاي باشلىقلارنىلا چاقىرىپ ئېچىلىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقانداقىغا ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقى بىر ئەنئەنە، بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ئۇدۇم ئىدى.

— يېڭى ئۇچۇرلار نېمە؟ ئورۇن، ئادەم سانى، قوراللار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلسە بىز توپۇلاڭچى قاتىللارنى يەنجىپ سۈيىنى چىقىرىۋېتىمىز! — دەپ غەزەپ بىلەن ئىپادە بىلدۈردى قوراللىق ساقچى 4-تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقى جىيا خۇيلۇ.

ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بۇ چاغدا ئادەتكە ئايلانغان ۋە ھەركىمگە يادا بولۇپ كەتكەن ئەھۋال تونۇشتۇرۇش، خاراكتېرىنى بېكىتىش،... دېگەندەك قۇرۇق گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. شۇڭا سۆزنىڭ بېلىگە تەپكەن بۇ تىپىك خىتاي چىراي ياش باشلىقا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويۇپ:

— ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، لاۋ جىيا، مەنمۇ شۇ گەپكە كېلىش ئالدىدا، — دېدى ئىززىتىنى قوغداش ئۈچۈن بۇنداق بىر قارشىلىقنى ھېساپلىغان ئاھاڭدا، — توپۇلاڭچى قاتىللارنىڭ ئۆلتۈرگىنى ئۇيغۇرلار، بۇ ئۇقتىدىن بىزگە بىر زىيىنى يوق، يەنى، ئادەمنىڭ ئىشى چاغلىق ئىش. لېكىن، ئۇلارنىڭ كىيگىنى ساقچىلىرىمىزنىڭ فورمىسى. ئاشۇ فورمىدىكى ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلغانلىقى بىزگە قىلىنغان ھۇجۇم بىلەن ئوخشاش دېگەن گەپ. مانا بۇ ۋەقەنىڭ خاراكتېرى ئوخشاشلا ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى بولۇدۇ.

— بۇلارنى كىم بىلمەيدۇ، كىم ئۆلگەنلەرگە ئېچىنىپ كېتىۋېتىپتۇ؟ بىزمۇ شۇ فورمىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغانلىقنىڭ ئۆزى بىزگە ھۇجۇم قىلغانغا باراۋەر دەۋاتامدۇق! — دەپ غۇتۇلدىدى جىيا خۇيلۇ يېنىدىكى پوپاڭ دۆيجاڭغا، — قۇرۇق گەپنى ئاۋۇتماي ئۆۋەتتىكى ۋەزىيەت، نېمە تەدبىر ئېلىش دېگەندەكلەرنى دېيىش كېرەك-تە...

— شەخسىي يىغىن ئاچايلى، يولداشلار، بەزىلەر بەلكىم دەرىجە سىرۋىشتۇرۇپ قېلىۋاتسا كېرەك، بۇ بىز جۇڭگولۇقلاردا دايىم بولۇپ تۇرۇدۇغان ئادەت، توغرا بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىمىز تەڭ دەرىجىلىك ئورۇنلار، ئەمما ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ ئىشنى تەشكىللەش ئىشىنى ماڭا ھاۋالە قىلغانلىقى، شۇئاندا بىز ساھىپخانلىق ئورنىدا بولغىنىمىز ئۈچۈن مەن ئالدىڭلارغا چىقىپ قالدىم. چوڭ دۈشمەن ئالدىدا دەرىجە سىرۋىشتۈسى قىلماي تۇرساق...

— ھېچكىم ئۇنداق گەپنى قىلمىدى، يولداش،...

— بولۇدۇ، ئەمىسە، ئۆۋەتتىكى ۋەزىيەت، دۈشمەننىڭ سانى بەش، يوشۇرۇنغان ئورنى مەلۇم ئەمەس. پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېرىدە دېيىشكە بولۇدۇ. لېكىن بۇ دېگەنلىك دۈشمەن ئالقىنىمىزدا دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ زېمىنى كىچىك ئەمەس. ئون مىڭ ئەسكەر سەپەرۋەر قىلىنسىمۇ پۈتۈن ناھىيىنى كونترول قىلىپ، دۈشمەننى تېپىش مۈمكىن ئەمەس.

— هازىرغىچە يىپ ئۇچى بېرەلمىسەكلا، بىز نېمە قىلىمىز؟ — دېدى جىيا خۇيلۇ يۇمۇق كۆزلىرىنى تېخىمۇ يۇمۇپ، قاشلىرىنى سۈزۈپ.

— توغرا دەيسىز، ھازىرچە سىزگە ئىش يوق. يىپ ئۇچى تېپىش ئىشى بىزنىڭ ئىشىمىز. ئەگەر دۈشمەندىن ئۇچۇر ئېلىنسىلا سىزگە خەۋەر بېرىمىز.

— قانداقسىگە دۈشمەن ئىزنى يوقۇتۇپ غايىپ بولۇپ كەتتى؟ بۇ دېمەك بارلىق ئۇيغۇرلار ئۇلارنى قوللايدۇ، ئۆيلىرىدە يوشۇرۇدۇ، دېگەن گەپ. ھېچ بولمىغاندا كۆپچىلىكى شۇنداق.

— لاۋ جىيا، ئەھۋالنى ئۇنچىۋالا يامان تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۆزىمىزنى يوقۇتۇپ قويمايلى، دۈشمەننى چوڭ مۆلچەرلەشقىمۇ ھوشيارلىق ئۇچۇن پايدىلىق، ئەمما ئومۇمىي ئىستراتېگىيىدە دۈشمەننى مەنسىتمەسلىكمۇ زۆرۈر. ئۇيغۇرلارنىڭ قېنىغا يىللاردۇر ئېلىپ بېرىلغان ئىدىئولوگىيىلىك ئۆزگەرتىشلەر خاسىيىتىدە قۇللۇق ئورناشتى، بەزىلەر بىزنىڭ ئىسمىمىزغىمۇ ئىتائەت قىلىۋېرىدۇ، ھەتتا بىر-بىرىنى تۇتۇپ بېرىپ خىزمەت كۆرسىتىش كويىدا، ئەمما بۇ خۇددى ئۇلارنىڭ ئۇيقۇلۇق ھالىتى؛ كۆزىنى ئېچىپلا قالسا ھەر بىرى دۈشمەنگە ئايلىنىشىمۇ راست. ئەمما بۈگۈنكى ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، توپۇلاڭچىلارنى قويىنغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلىرى يوق ھېساپتا. چۈنكى بۇ خەلقنىڭ توغرا – خاتا ھەققىدىكى ئۆلچەملىرى تەرىپىمىزدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن پېتى. يەنى، ھۆكۈمەتنى توغرا تەرەپ دەپ بىلىدۇ. شۇڭا خاتا تەرەپكە يان بېسىش ماددىي زىيانغىلا سەۋەپ بولمايدۇ، يەنە ئادەمىيلىك، ئەخلاق، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ دىنى نۇقتىسىدىنمۇ خاتادەك ئاجايىپ بىر خىل قاراش شەكىللەنگەن. مانا بۇ تۇمانلاشقان كاللا كونسېرى تۇمان قويۇقلۇشۇپ، بىزنى خاتىرجەملىك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

— كارامەت چوڭ نەزەرىيىلەركەن بۇ...

— توغرا، سىلەر ئەسكەرلەر بۇلارنى چۈشەنمەيسىلەر، سىلەر ئاتساڭلارلا بولدى. ئەمما مەن شۇنى دەپ قوياي مېنىڭ دەۋاتقانلىرىم ئېتىشتىنمۇ بەكرەك ئۈنۈم بېرىدىغان بويسۇندۇرۇش ۋە يوقۇتۇش ئۇسۇلى. بۇنى بۇ يەردە سۆزلىسەممۇ بەرىبىر چۈشەنمەيسىلەر، — ساقچى باشلىقى ئۆزىنى كۆرسىتىپ، باشقىلارنى چۆكۈرۈشنىڭ پۈرسىتىنى قولدىن بەرمىدى.

— ئەمسە نېمشكە بۇ گەپلەر بىلەن ۋاقت زايا قىلىۋاتىمىز، چۇجاڭ؟

— گېپىڭىزگە يارىشا دەپ قويدۇم. ۋاقتى كەلگەندە كۆرۈسىز، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنە شۇ توپۇلاڭچىلارغا قارشى سەپەرۋەر قىلىمىز. شۇ چاغدا چۈشىنىسىزكى، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ گەپ ئاڭلايدىغان ماشىنىلارغا ئايلىنىپ بولغان!

— بۇ نەزەرىيىلەرنى قويايلى، چۇجاڭ، ئەمدى نېمە قىلىش ھەققىدە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە كېلەيلى، — جىيا خۇيلۇ ئۆزىنىڭ قولىدىكى مىڭلىغان قورالىق ئەسكەرنى گويا ئۆزىنىڭ كۈچى ھېساپلىمىدىكىن، ئۆزىنى بەك كۈچلۈك ھېس قىلاتتى.

— بىز دۈشمەنگە تەكرار ھەرىكەت قىلىش پۇرسىتى بېرىشكە مەجبۇرمىز، ئۆزىنى ئاشكارىلاش پۇرسىتى بەرمىسەك، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر بىر ئۆي، ھەر بىر قوتاننى، ھەر ئېتىزنى ئاختۇرۇپ چىقالامدۇق؟ دۈشمەننىڭ ئەڭ كىچىك ھەرىكەت دائىرىسى مۇقىملاشقاندىلا ئاندىن بىز كۈچىمىزنى جارى قىلدۇرالايمىز. ھازىر يېپ ئۇچى ئىگىلەش، ئۇيغۇر ئاممىسى ئارىسىدىكى ئاكتىپلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇچۇر توپلاش ئىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇڭا دۈشمەننى ھۈركۈتۈپ، تېخىمۇ كەڭلىككە قاچۇرۇپ قويساق چاتاق بولىدۇ. شۇڭا جىم-جىتلىق بېرىپ، ئۇلارنى بىخۇتلاشتۇرۇشىمىز لازىم. ئۇلار بۇ قېتىم ئۆزىنى ئاشكارىلىسىلا قولغا چۈشىدۇ، تەكرار غايىپ بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ھەممە كۆزلەر تىكىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھەممە ئادەم دىققەتتە.

— ئۇنداقكەن، ھەممە ئادەمنى چاقىرىپ مەجلىس ئېچىشقىمۇ ھاجەت يوقكەن ئەسلىدە، ئادەم ئاۋارە قىلىپ...

— بۇ ۋىلايەتنىڭ تاپشۇرۇقى، بىر. ئىككىنچىدىن ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ قارىغۇلارچە ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن. بۇ يەردە يەنە تەكلىپ قىلىنغانلاردىن پەيزىۋاتتىن، پىكىشەدىن كەلگەنلەرمۇ بار. بۇ ئىككى يەرلىك ئورۇندىكىلەر دۈشمەننى ئېنىقلاشقا مەسئۇل. لاۋجىيا، سىزدەك ئۇۋچى قاپلانلارغىمۇ نۆۋەت كېلىدۇ، ئالدىراپ كەتمەڭ.

يىغىننىڭ ئاساسىي كۈنتەرتىپى دېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، يولداشلار قايناقسۇ ئىچكەچ ئۇيغۇرلارنى يوقۇتۇش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى سۆزلىشىپ كېتىشتى. بەزىلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلار بولىۋاتاتتى.

ھۆكۈمەتنىڭ لىگتاسلىملىقى ئوغسىنى قايىنىتاتتى. بۇنداق يۇمشاق سىياسەت يولىغا قويۇشنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇيغۇرلار شۇ قەدەر كۈچلۈكمىدى؟ بۇ مۇنبەت تۇپراقلارنىڭ كۆزى ئوچۇق كېتىۋاتاتتى. يە تۈزۈك پايدىلىنىشنى بىلمىگەن. بۇلارنى تازىلاپ تۈگىتىۋېتىپ، ئاھالىسى زىچ ئۆلكىلەردىن كۆپلەپ ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ، پۈتۈنلەي يېڭىلاش كېرەك ئىدى. گەرچە ھۆكۈمەتمۇ ئاخىرقى ھېساپتا شۇنداق قىلماقچى بولسىمۇ، قەدەم بەك ئاستا، بۇ يەردە باشقۇرۇشتا كۆپ كۈچ ۋە چىقىم كېتىۋاتاتتى. ئېتنىك بىر خىللىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن غايەت زور پايدا كەلتۈرەتتى. ئازراق چىقىم بىلەن، كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولاتتى. ئېتنىك پەرق، بولۇپمۇ چېگرا رايونلاردىكى ئېتنىك ئوخشىماسلىق مۇداپىئە مەزمۇنىدا ئىچكە قارىتىلغان يەنە بىر فونۇسىيەنى تەقەززا قىلغاچقا، ئادەم كۈچى مالىيە كۈچى ئىسراپچىلىقى بولاتتى.

ئەمما بەزىلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئاستا-ئاستا تۈگىتىش تاكتىكىسىنى توغرا ھېساپلىدى. بۇنداق بولغاندا خەلقارادا ھېچقانداق غۇلغۇلىغا سەۋەپ بولمايلا پۈتتۈرگىلى بولاتتى. بۇلار تا ئۆزلىرى زېرىككۈچە مانا شۇ تېمىلاردا قىزىپ سۆزلىشىپ، تالاش-تارتىش قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئارىغا بىرەرمۇ ئۇيغۇرنىڭ ئارىلاشمىغىنى ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغانىدى.

***

جىياخۇيلۇ تارماق ئەترەتكە قايتىپ كېلىپلا بۇ يەردە سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىردى. ھەرقايسى چوڭ ئەترەت، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقلىرىنى توپلىدى. بۇ يىغىندا بىرگىنە ئۇيغۇر مۇئاۋىن مەسلىھەتچىلەر باشلىقى قەيسەر ئىدى.

نورمالدا قەيسەرنى ئۆزلىرىدىن يات بىرسى قاتارىدا كۆرمەيدىغاندەك قىلىشىدىغان يولداشلار بۇ قېتىمقى ۋەقە توپەيلىدىن قەيسەرگىمۇ گۇمانىي قارىغاندەك بىلىنىۋاتاتتى. بۇ قەيسەرنىڭ يۈرەكلىرىنى زىرىلداتتى. ئۇ ساداقىتىنى ئىپادىلەشتە جېنىنى بېرىشكىمۇ تەييار ئىدى. ئۇنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدى، يولداشلارنىڭ ئۇنى توغرا چۈشىنىشى ئىدى. ئۆزىمۇ ئادەتتە يولداشلار بىلەن تاماقتا بىللە بولاتتى، چوچقا گۆشىنى يەۋېرەتتى. رەڭگى روھىمۇ يولداشلاردەك

پەرقلىنىپ كەتمەيتى. چېچىنى قىسقا ئالدۇرۇپ، يولداشلارنىڭ پىنتۇ دېيىلىدىغان پاسونىدا ياسىتىپ يۈرەتتى. پىشانىسىنىڭ كەڭلىكى بىر ئاز يات ئىدىيۇ، ئەگىلمىگەن، تۈز سىزىق شەكلىدىكى كىچىككىنە قېشىمۇ يولداشلارنىڭكىگە ئوخشايتى. ئاشۇ قاپاقلىرى ئاستىدىكى يۇمۇق كۆزلىرى، يۈزىنىڭ كېپتى تامامەن يولداشلارنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇنى ئەسكەرلەر ئىدە كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم يولداشلاردىن پەرقلەندۈرەلمەيتى. بۇ ھال قەيسەرنى بەكمۇ خۇرسەن قىلاتتى. تېخىمۇ موھىمى ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىلا ئەمەس، ئىچكىي دۇنياسىنىڭمۇ يولداشلاردەك بولۇشى ئىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل قىممەت قاراشلىرىمۇ يولداشلاردەك ئىدى. شۇغۇنىسى بۇنى تەقلىت قىلىشقا تىرىشاتتى.

يۈز يۇيۇشتىمۇ يولداشلاردەك داسقا سۇ ئېلىپ، لوڭگىنى چىلاپ تۇرۇپ يۇياتتى. ئائىلىسىدىمۇ تامامەن يولداشلارچە تۇرمۇش ئادەتلىرى ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پارتىيىگە، يولداشلارغا سادىق ئىكەنلىكى ھەر بىر ئۇششاق ھەدد-ھەركەتلىرىدىن، قىلىقلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا، يولداشلارمۇ ئىختىيارسىز يوسۇندا ئۇنى ئىچىمىزدىكى بىرسى دەپلا ئويلۇشاتتى. شۇڭلاشقىمكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ قالاق، غەلىتە قىلىقلىرىنىڭ بىرەرسى تىلغا ئېلىنىپ قېلىپ، مەسخىرە قىلىشقا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ قەيسەردىن تارتىنىپ تۇرۇشمايتى. قەيسەر ئۆزىمۇ بۇ مەسخىرىلەرگە قوشۇلۇپ، يولداشلار بىلمەيدىغان تەرەپلەرنى تولۇقلاپ، تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى. بۇ يولداشلارغا شۇنچىلىك ياقاتتىكى، قەيسەرنى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەندەك قىلىشاتتى.

مانا ئەمدى ئاشۇ يولداشلار ئۇنىڭغا بىر تۈرلۈك مەسخىرىلىك، تۇز كور بىرسىگە قارىغاندەك مەنسىتمەسلىك، نەپرەت نەزىرىدە قارىغاندەك قىلىشىۋاتاتتى. ئەترەت باشلىقى جىيا خۇيلۇغۇ ئۇنىڭ خېلى يۈز-خاتىرىسىنى قىلغاندەك قىلدى. ئۇ يىغىندىن قايتىپ كېلىپ يىغىن چاقىرماقچى بولغاندا، كارىدوردا يولۇققان قەيسەرنىڭ يىغىنىنىڭ كۆنتەرتىپى ھەققىدە سوراپ سالغان سوئالىغا:

关于你的老乡们干的好事[1]—، — دېدى ئۇ دوستانە كۆلۈمسىرەپ.

شۇنداق بولسىمۇ بۇ چاخچاقمۇ تۈزۈتۈش بەرمىسە قەيسەرنىڭ ۋىجدانى ئازاپلىناتتى:

— جىيا دۈيجاڭ، — دېدى ئۇ سەممىي كۆڭلىدىن قېيىدىغاندەك قىلىپ، «—يۇرتداشلىرىڭ» دەپ دىلىمنى رەنجىتىۋاتىسىز، مەن شۇ ئاتا-ئانام ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقى ھىساپىقا ئالمىغاندا نەرىم سىلەردىن پەرقلىق؟ دەپ بېقىڭچە قېنى؟ مېنى ئاشۇ توپۇلاڭچىلار بىلەن بىر خىلدەك گەپ قىلسىڭىز رەسمىي خاپا بولۇپ قالىمەن جۇمۇ!

— چاخچاق، كەي فۇسەنموجاڭ، چاخچاق، — دېدى جىيا خۇيلۇ كۆزلىرى تامامەن يۇمۇلغان ھالدا ھەجىيىپ.

ئەمما باشقىلار ئۇنىڭغا دۆشمەنگە قارىغاندەك قاراۋاتقاندەكلا بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. مەسىلەن، ئاشۇ چوڭ ئەترەت باشلىقى ۋاڭ گاڭ دېگەندەكلەرچۇ! دايىملا ئىشخانىدا كۆچۈكلىنىپ يۈرۈدۇغان لاۋ جىيانىڭ يالاقچىلىرىدىن لىيۇ جىڭجۈن دېگەندەك ئەسكەرچاقلارمۇ ھالىغا باقماي ئۇنىڭغا نەزەرمۇ سالمايۋاتاتتى. ئەگەر پارتىيە ھۆكۈمەت ئادىل تۇتۇپ تۇرمايدىغان بولسا، توپىلاڭچىلارنىڭ سەۋەبىدىن بۇلار بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئوفىتسېر ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپلا قويغۇسى بار خۇددى. ئەمما ئۇ ۋاڭ گاڭ بىلەن تەگىشىپ ئۆلتۈرمىدى.

يىغىندا ھەتتا بىرى «بۇ قېتىمقى ھەركەتكە ئۇيغۇر ئەسكەرلەرمۇ قاتنىشامدۇ؟» دېگەن بىمەنە سوئالنى قويۇۋىدى، ھەتتا باشقىلارمۇ ئاران تۇرغاندەك، مۇشۇنداق بىمەنە سوئالغا قارشى تۇرماقتا يوق، ئاران تۇرغاندەك، بۇنى بىر مۇزاكىرە تېمىسى قىلىشىۋېلىشتى. بەزىلەر ھەتتا خىجىل بولماستىن، «ئۇيغۇرلار قاتناشمىسۇن، كىم بىلىدۇ، ئۇلار ئارقىدىن خەنجەر ئۇرامدۇ تېخى! » دېگەندى، قەيسەر ئۇنىڭ كىملىكىنى كۆرۈۋېلىپ ئەدىبىنى بېرەي دەپ بويىنىنى سوزۇۋىدى ئۇنى تاپالماي قالدى. شۇڭا ئۇ جىيا خۇيلۇنىڭ بۇ بىمەنە گەپكە ئاچچىقلاپ، قايناپ كېتىشىنى تاما قىلىپ مۆلدۈرلەپ قارىغان ئىدى، قېرىشقاندەك جىيا خۇيلۇ خۇددى كۆڭلىدىكى گەپ بولۇۋاتقاندەك كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرۇۋەردى. بۇ ھال ئاۋۇ يولداشلارغا خۇددى يېشىل چىراق يېقىپ بەرگەندەك تۇيۇلۇپ، ئەزۋەيلەپ كېتىشتى. بەزىلەر ئۇيغۇر قاتناشسۇن، ئەمما ئوق بېرىلمىسۇن دېگەنمۇ بولدى. يەنە بەزىلەر بولسا ئۇيغۇرلارغا قورال بېرىلمىسۇن، نەيزىمۇ، كالتەكمۇ شۇنىڭدەك بىرنەرسە تۇتسۇن دېگەنمۇ بولدى.

قەيسەر تولىمۇ ئازاپلاندى. ئۇ ئۆز ئىپادىسىدە چوقۇم كەمچىلىكلەر بولۇشى كېرەك دەپ ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈردى. يولداشلارنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ قويغان يەرلىرىم بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. يولداشلارنىڭ ئاغرىنىشلىرىنى ئاساسسىز دېيەلمەيتى. قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، ئازاتلىققا چىقىرىپ قويسا، مانا مۇشۇنداق تۇز كورلۇق قىلىۋاتسا، بۇ خەق، كىم ئاغرىنمايدۇ؟ شۇڭا ئۇ يولداشلاردىن ئەمەس، ئۆز مىللىي قېرىنداشلىرىنىڭ تۇزكورلۇقىدىن ئاغرىندى. ئازات زامانىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان تەربىيەسىزلىكى، ئاڭسىزلىقىدىن پۇچۇلاندى. «بۇ قېتىم ھەركەتكە قاتنىشىپ قالسام، بىزدىمۇ خۇاڭ جىگۇاڭ، دوڭ سۈنرۇيدەك قەھرىمانلار چىقىدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويىمسام، ماۋۇ يولداشلار، قارىسام بەك رەنجىگەندەك، بەزى ئازغۇنلارنىڭ قىلغان قىلىقى تۆپەيلى ھەممىز كۆزگە سەت كۆرۈنۈپ كەتكەندەك قىلىمىز؛ دېمىسىمۇ يولداشلارنىڭ ئاغرىنىشى ئورۇنلۇق، ئۇلار بىزنى ئۆچ چوڭ تاغنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئازات قىلغان تۇرسا، بىز خەقتەك تۇز كور خەلق جاھاندا يوق جۇما. ئەگەر خەنزۇ يولداشلار

بولمىغان بولسا ئېشەككە مىنىپ ئۆتۈپ كەتمەيتتۇقمۇ؟ پويىز، ئايروپىلان دېگەنلەرنى چۈشۈمىزدىمۇ كۆرمىگەن بولاتتۇق. نەدە بۈگۈنكىدەك شەھەرلىرىمىز بولسۇن؟ تېزەك قالاپ، سامان قالاپ ئۆتەتتۇق. ئى قەشقەلىكنى دەيمىنا، ئاشۇ ئاغمىغاننىڭ ئۆگىسىدەك ئۆيلىرىدە قاچانغىچە ئولتۇراتتىكى، پارتىيە-ھۆكۈمەت بۇ كوۋۇكلارنى چېقىپ-تۈزلەپ زامانىۋى شەھەر قۇرۇپ بېرەي دەۋاتسا، ھەشقالللا ئېيتىماقتا يوق، ئاللا-كاللا سېلىشىپ كېتىۋاتىمادا، ئاينىكا. بىز خەقمۇچۇ، ئۆتۈپ كەتكەن ... نېمە جۇما. ۋاي توشۇپ ئەكەتتى، ۋاي بىزگە قالمىدى! دەپ ئىغۋا تارقاتقان پايتىماباشلارنىڭ ئۆزگە قالسا نېفىتنى كەتمىنى بىلەن ئاچامتىكىنا؟ زاۋۇت قۇرالايدىغان بولغىمىدى؟ بىكار ياتقان بايلىقنى ئېچىپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ تەييار قىلىپ ئەكىلىپ سېتىپ بەرسە يامان قىپتۇما!؟ قىلاي دېسە گەپ-تە!»دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

كۆڭلىدىن كەچۈرگەن جەڭگىۋار نىيەتلىرىگە قارىماي، بېشى چۈشۈپلا كەتكەن ئىدى. ئۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ھاقارەتكە ئۇچرىغاندەك قىلدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى سولتەك ئەسكەرلەردىن كۆرۈۋاتقان مۇئامىلە تۈپەيلى ئەمەس، بەلكى، ئۆزىنىڭ تېخىچە ئىشەنچكە لايىق بولالمىغانلىقىدىن، يۇرتداشلىرىنىڭ تۇزكورلۇقىدىن ئىدى.

ئاخىرىدا جىيا دۈيجاڭ غۇلغۇلىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ سۆز سۆزلەشكە باشلىغاندا ئۇ ئۈمىت بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇردى.

— ... بىز ھەركەت ئېلىپ بارىدىغان جايلاردىكى ئاھالە ئۇيغۇرلار، سېپىمىزدىكى ئۇيغۇر ئوفىتسېر ئەسكەرلەر بۇ قېتىمقى ھەركەتتە موھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلار بولمىسا بولمايدۇ. مەن بۇ يولداشلارغا تولۇق ئىشىنىمەن،... — دېدى جىيا خۇيلۇ سۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا شۇنىڭ بىلەن قەيسەرنىڭ چىرايى ئېچىلدى. ئېچىلدىلا ئەمەس، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۇتالمىلى تاس-تاماس قالدى. شۇڭا ئۇ يىغىندىن كېيىن جىيا خۇيلۇنىڭ ئىشخانىسىغا ئالايتەن كىرىپ رەخمەت ئېيتىشنى ئۆزى ئۈچۈن قەرز ھىساپلىدى.

— ئەترىتىمىزدىكى بارلىق ئۇيغۇر ئەسكەرلەر نامىدىن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. بىزگە ئىشەنگىنىڭىز ئۈچۈن رەخمەت. ئىشەنچىڭىزنى يەردە قويماسلىقتا قەتئىي ۋەدە بېرىمەن! ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن جېنىم پىدا! ھەرقاچان قۇربان بولۇشقا تەييارمەن! — دەپ ھەربىيچە چاس بەردى ئۇ.

جىياخۇيلۇ مەمنۇنلۇق بىلەن ھجايغاندا كۆزلىرى تامامەن يۇمۇلۇپ كەتتى:

—好好干!— دەپ ئىلھام بەردى ئۇ داھىيانە قىياپەتتە قەيسەرنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ.

قەيسەر بۇ بەختلىك تۇيغۇلىرىنى يوشۇرالمايلا قالدى. بۇ تۇيغۇلىرىنى بىرلىرى بىلەن ئورتاقلاشمىسا ئىچىگە پاتقۇزالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەترەتتىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى تېپىپ، ئۇلارغا يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزگەچ، ئەترەت باشلىقىنىڭ ئىشەنچى ھەققىدىكى مەمنۇنىيىتىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى توغرا تاپتى.

ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئۇنچىۋالامۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاشۇ بەش-ئالتەيلەنتى توپلاپ ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى.

— باللا، بۇ قېتىم چوڭ ھەركەت با، خەۋىرىڭلا بادۇ؟ يامانىيادا بوغان ئىشنى تېرىغان قاتىللارنى تۇتۇمىز.

— ئاڭلىدۇق، ئەمما بەزى يولداشلار «سىلەر قاتناشمايسىلەر، سىلەر قاتناشساڭلا ئارقىمىزدىن خەنجەر ئۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، سىلەرمۇ ئۇيغۇر» دەپ ژۇرۇيدا؟

— ھە، گەپ شۇ، — دېدى قەيسەر، — ئەگەر جىيا دۈيجاڭ بومىغان بوسا ئاشۇنداقمۇ بولىتى، بەلكىم. ئەمما جىيا دۈيجاڭ بىزگە ئىشىنىدىغانلىقىنى دەپ، بۇ قېتىمقى ھەركەتكە ئۇيغۇرلارمۇ قاتنىشىدۇ، دېدى. جىيا دۈيجاڭغا قانچىلىك رەخمەت ئېيتساق ئاز. بىلدىڭلاما؟ ھە، يەنە، باللا، ئاۋۇ قاتىل گۇيلار ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزىمىزنى چۈشۈردى، باللا، ھە، مەن دېمىسەممۇ بىلىسىلەر، ماۋۇ يولداشلار بىزدىن رەسمىي رەنجىدى، باللا، ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى جۇما! قورقۇنچاقلىق قىلمايدىغانسىلەر؟ — دېدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، دەيمە، فۇسەنموجاڭ، بىز ئاشۇندا ئادەمما؟ — دېدى يىگىتلەر ئىپادە بىلدۈرۈپ.

— جىيا دۈيجاڭنىڭ ئالدىدا ھەممىزنىڭ نامىدىن پونى ئېتىپ قويدۇم، باللا، قۇربان بېرىشكىمۇ تەييارمىز دېدىم، مېنى ئوسال قىلىپ قويماڭلا، مىللىتىمىزنىڭ يۈزىنى چۈشۈرمەڭلا، جىما.

— ۋاي، خاتىرجەم بولسىلا دەيمەن. ۋەدە بېرىپ توغرا قىپلا، بىزمۇ شۇ قۇربان بولۇشقا تەييار زادى.

— بىزگىمۇ ئوق بېرەمۇ يا ؟

بۇ سوئالغا جاۋابەن قەيسەرمۇ ئىككىلىنىپ قالدى.

— ئۇ موھىم ئەمەس، ئوقسىزمۇ، قورالسىزمۇ قەھرىمانلىقىمىزنى كۆرسىتەلەيمىز، قاندا دەيسىلە؟

— ئۇنىڭدىغۇ گەپ يوق، ئەمما قورال بەرمىسە ياكى ئوق بەرمىسە شۇ بىر ئاز ھار كەپ قالۇدۇ-دە، ئىشەنمىگەندەك...

— ئەگەر بۇ قېتىم ئەمەلىي ھەركىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مەيداننى ئىپادىلىسەك، بۇندىن كېيىن ئۇنداق قىلماس بولۇدۇ، ئىشەنمىگىنى ئۈچۈن خىجىل بولۇپ قالدۇ. بولسا ئاشۇنداق قىلسۇن، ئاندىن بىزمۇ يولداشلارنى خىجىل قىلىپ قويايلى.

ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى بىكار ئەمەس ئىدى. نورمالدا بىر يەردە ۋەقە يۈز بەرسىلا ئۇيغۇر ساقچىلاردىكى قورالار يىغىۋېلىناتتى. بۇلارنىڭمۇ ئوقلىرىنىڭ سانى تەكشۈرۈپ تۇرۇلاتتى.

## شىلدىرلىماقلار، قوناقلار

شۇنداق قىلىپ ئۇلار قىزىلبۇيا تەۋەسىدىكى بىر قوناقلىققا كېلىپ پاناھلاندى. بۇ يەردىكى دوستلار بىلەن ئالاقە ئورنۇتۇلدى. كېچىسى دوستلارنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ بولۇشتى. كۈندۈزلىرى ئاھالىدىن ئەڭ يىراق بولغان قوناقلىقلارنىڭ ئىچىدە يېتىشتى. پۈتۈن ئۆمۈرنى بۇنداق ئۆتكۈزگىلى بولمايتى. بىراق، بۇ يەردىن باشقا نەگە بېرىش مۇمكىن؟ نا تونۇش جايلارغا كەتكەن بىلەنمۇ يوشۇرۇنۇش، تاماق مەسىلىلىرى باشنى قاتۇراتتى. مەسىلەن، تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتسە ياكى چۆلگە كىرىپ كەتسە بۇنچىۋالا قورقۇنۇچ بولمايتى. ئەمما تىرىك جان تاماق يېمىسە بولمايدۇ-دە. تاماقنى قانداق قىلىدۇ؟ ئوۋچىلىققا تايىنىپ ياشايلى دېسە بۇنىڭ بىرنەچچە قىيىن تەرىپى باردى: بىرى ئۇلاردا ھېچقانداق

ئۇۋ قورالى يوق ئىدى. ئوۋچىلىق تەجرىبىسىمۇ يوق بولغاچقا، ئاددىي ئوۋ قوراللىرىنىمۇ ياسىيالمايتى. يەنە بىرى، مەيلى چۆلدە، مەيلى تاغ ئارىسىدا بولسۇن بىرەرسى ئۇچراپلا قالسا ئۇلارنى نورمال ئادەم ھېساپلىمايتى. چۈنكى بۇنداق يەرلەر ئاھالە ياشايدىغان يەرلەر بولمىغاچقا، بەك ئاسان چېنىپ قالاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ھازىر چۆلنىڭ قەيەرلىرىدە پاناھ تاپقىلى بولۇشىمۇ بەلگىسىز ئىدى. چۈنكى نېفتچىلەر، قىدىرىپ تەكشۈرگۈچىلەر كەم بولمايتى. تاغلار ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ سىرلىق، قورقۇنۇچلۇق يوچۇن دۇنيا ئىدىكى، بۇلاردىن ھېچكىم تاغ ئارىسىدا ياشاپ باققان ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۆز يۇرتىنىڭ بىپايان زېمىنىدە بۇنچىۋالا قىستىلىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ كۆرۈشمىگەنىدى. دۇنيا نەقەدەر تار ھە! ياكى پەقەت مۇشۇلارغىلا ئاشۇنداق تارمىدۇ؟

تېخىمۇ ئەلەملىك بولغىنى ئۇلار ھەركەت ئىمكانلىرىدىن قېلىش تۈپەيلى، ھېچقانداق ئەمەلىي خىزمەت بېرەلمەيتى. باشقىلارغا تايىنىپ ياشايدىغان مەجرۇھلارغىلا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار زادى قانداق قىلىش، نېمە قىلىش، نەگە بېرىش ھەققىدە قارارسىز ھالەتتە كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. قىزىلبۇيىدىكى دوستلار قورقۇپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئۇلارغا تاماق توشۇيتى ياكى كېچىلىرى ئۆيلىرىدە باقاتتى. ئۇلارنى بىزگە يۆلەك بولدۇڭلار دېيەلەمدۇ؟ ئەمما ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارغا بىر جاپا بولۇپلا قالماي، ئوتنى ئۆزگە تۇتاشتۇرۇۋېلىشقىمۇ يارايتى. بۇ تازىمۇ ئوڭايسىز، تازىمۇ كىشىنى خىجىل قىلارلىق ۋەزىيەت تۇغدۇرغان ئىدى. بۇنى ئاۋۇلار چۈشەنمەيتىمۇ؟ چۈشىنەتتى. خىجىل بولۇشاتتى، ئەمما نېمە چارە؟

ئۇلار ھەر كۈنلا تالاش-تارتىش قىلىشۋاتقان بولسىمۇ، كەلگۈسى ھەققىدە ئېنىق قارارغا كېلىشەلمىدى. داۋاملىق بۇ تەقلىتتە يوشۇرۇنۇپ ياشاش مۇمكىن ئەمەسلىكى، كۆز كېلىپ قوناقلار ئورۇلۇپ كېتىلسە، ھەركەت ئىمكانلىرىنىڭ تېخىمۇ تارىيىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ مۆلچەرلىشەتتى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بىرى-بولمىسا بىرىنىڭ كۆزگە چېلىقىپ قالمايمەن دېگىلى بولمايتى. چۈنكى، خىتايلار ھازىر ئۇلارنى مەيلىگە قويۇپ ئىزدىمىگەندەك قىلغىنى بىلەن، مەھەللە-مەھەللىلەردىكى ياغاچ ئاكتىپ، بىكارلىق غالچىلارنى سەپەرۋەر قىلماي قالغاندىمۇ؟ ھەممە ئادەم دىققەتتە تۇرۇۋاتقان بۇ ۋەزىيەتتە بۇنداق كېتىۋەرگىلى بولمايتى.

كەلگۈسى ھەققىدە ئېنىق قارار بېرەلمەيلا ئون كۈنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئابدۇرېھىم دوستلىرىنىڭ سەمىگە ھەممىگە ئايان بولسىمۇ ئۆزلىرىنى قاچۇرۇۋاتقان بىر رىئاللىقنى يۈزلىنىش كېرەكلىكىنى سالدى:

— ھازىرقى بۇ ئەھۋالىمىزدا بىزنىڭ ئۆلەمدىن باشقا يولۇمىز يوق، بالىلا، ئۆز-ئۆزىمىزنى گوللىساقمۇ، گوللىمىساقمۇ بۇ ئېنىق، بۇنى ئېنىق تونۇيلى، ئۆزىمىزنى شېھىت بولۇشقا تەييار ھالدا تۇتىلى. ئاندىن يەنە بىر ئىش تىرىك تۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ ئەڭ چاتاق ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇيلى. بۇنىڭ بىرى، مۇناپىق بولۇپ ئۆمۈرۋايەت قىلغان ئەقىدىمىزنى بىر

تىپىن قىلىشتەك ئاخىرەتلىككە زىيان تەرىپى بار، ئىككىنچىسى قىيىن-قىستاقلاردا ئىنسان بالىسى ئەقلىگە كەلتۈرەلمەيدىغان ۋەھشىيلىكلەر تارتقۇلۇقمىز بولۇدۇ، ئۈچىنچى زىيىنى بىزدىن كېيىن يەنە ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىشنى داۋام قىلىشى كېرەك بولغان، بىزدىن باشقىلا بىلمەيدىغان دوستلىرىمىزنى دەپ سېلىپ، كېيىنكى ئىشلارغىمۇ زىيان يېتىدۇ. شۇڭا، ئەگەر تۇتۇلۇپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلغاندا جان تىكىپ ئېلىشىپ، شېھىت بولۇشنى قولغا كەلتۈرسەك، دۇنيالىقىمىزمۇ، ئاخىرەتلىكىمىزمۇ ياخشى بولۇدۇ. مانا مۇشۇنىڭدا كۆڭلۈمىزدە سان بولسا.

— توغرا، — دېدى ئابدۇسالام، دوستىنى تەستىقلاپ، — ھەرقانداق ياغلىما گەپلەرگە ئىشەنمىسەك بولۇدۇ. كەڭچىلىك دېگەن يوق، بۇنىڭدىن گۇمانلانماسلىق كېرەك. دۈشمىنىمىز خىتاي، بۇنداق بىر دۈشمەننىڭ كەڭچىلىك قىلىشنى چۈشىسەك تازىمۇ ھاماقەتلىك بولۇدۇ، ھەم بۇنداق بىر دۈشمەندىن كەڭچىلىك تاما قىلىشمۇ ئىمانغا بېرىپ تاقىلىدىغان خاتا ئىش. شۇڭا شېھىت بولۇشتىن ياخشىسى يوق.

ھازىر ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئارامغا چۈشۈپ، ئادەم ئۆلتۈرگەن چاغدىكى پىسخىك قالايمىقانچىلىقلىرى تىنجىپ، ئەمدى يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈش بولسا ھېچ ئىككىلەنمەيدىغاندەك قىلىسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قېچىش مۇمكىن بولمايدىغان ئۆلۈمگە بۇ قەدەر يېقىندىن يۈزلىنىشنىڭ پىسخىك بېسىمى چىدىغۇسىز ھال ئالماقتا ئىدى. يېڭى ئۆيلەنگەنلەر ئۈچۈن بۇ ھال تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ياپ-ياش تۇرۇپ ئۆلۈش ئۇلار ئۈچۈن ئېچىنىشلىق ئەمەسلىكى ھەققىدە نۇرغۇن دىنىي تەلىملەرنى ئالغان، بۇ دۇنيا ھاياتى ۋاقىتلىق، قونالغۇ ھاياتى ئىكەنلىكىنى، پانىيدىكى ھاياتلا مەڭگۈلۈك ھايات، ھەقىقىي ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولسىمۇ، يەنىلا ھايات بەرىبىر تاتلىق ئىدى. دۇنيا سۆيۈملۈك ئىدى. قولدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان ھەرقانداق نەرسە ئاخىرقى دەملەردە قىممەتلىك بىلىنگىنىدەك، ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ قىممىتى بىلىنمەكتە ئىدى. ئەمما بۇلارنى ئۆزئارا ئورتاقلىشالمايتى. بۇ بىر تۈرلۈك ئەيىپ سانىلاتتى. ئۇلار پەقەت تۇيغۇلىرىنى شۇ شەكىلدە پەدازلاپ ئىپادىلەيتى:

— ھامىنى ئۆلىدىغان بوغاندىكىن، ئى قۇربانجان، ئابدۇراھمانلاردەك بىرگە ئون قىساسىمىزنى ئېلىپ ئۆلگەن بولساققۇ ئارمىنىمىز يوقتى. شۇ بىرلا ئارمىنىمىز، قىلغان ئىشىمىزنىڭ تايىنى بولمايلا ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ دەيمىز، — دېگەن شەكىلدە قىياسلىقلىرىنى تىلغا ئالالايتى. بۇمۇ راست ئىدى. كىم شۇنداق ئويلىمىسۇن؟ ئۆلۈۋاتقان ھەرقانداق بىر غايىلىك جان كۆپرەك ئىش قىلالمايلا ئۆلۈۋاتقىنىدىن ئۆكۈنىدىغانلىقى راست ئەمەسمۇ؟!

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى كېلىپ قالدى. بۇ تازىمۇ چىدىغۇسىز ۋەزىيەت ئىدى. بۇ يەردىكى دوستلارغا يۈك بولۇشقۇ چاغلىق، خالار-خالىماس ئۇلارنىمۇ بۇ ئىشقا چېتىۋالىدىغان ئىش بولسا قانداق دەھشەت! چۈنكى كىمنىڭ

ياردەم بېرىۋاتقانلىقى بىلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشقا مۇكىنچىلىك يوق جىنايەت بولاتتى. ھازىرقى ئەڭ چوڭ دىشۋارچىلىق مانا شۇ ئىدى.

25-ئاۋغۇستنىڭ كېچىسىدە نان ئېلىپ كەلگەن قىزىلبۇيىلىق دوستىنىڭ كۆزلىرىدىكى تەشۋىش، قورقۇنچ، كالپۇكلىرىنىڭ تىترەپ تۇرۇشلىرى قوناقلىقتا ياتقانلارنىڭ ھەممىسىنى ۋەھىمىگە سېلىۋەتتى. كۆتۈلگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەرگەندەك قىلاتتى.

— نىم بولدى، قارىم، بەك ئۆڭگىلىرى بۇزۇق كەللىغۇ بۈگۈن؟ — دەپ سورىدى ئابدۇرېھىم قورقۇنۇچلۇق خەۋەر ئاڭلاشقا ئۆزىنى تەييارلىغان ھالدا.

— كېلىشمەسلىك بولدى، — دېدى يىگىت تىترەك ئاۋازدا، — بىزنى پايلاۋاتقان ئادەمنىغۇ بار دەيتۇق، ئەمما ئۇلا ياردەم قىلىۋاتقانلىرىمىزنى بىلىپ بولۇپ، سىلەنىڭ نەدىلىكىڭلارنى بىلىشكىلا قاراپ تۇرغاندەك قىلىدۇ. بۈگۈن مېنى مۇشۇ يېقىن يەردە بىزنىڭ شودۇجاڭ كۆرۈپ قالدى. قولۇمدا داسقان بىلەن كېچىدە ئادەمسىز قوناقلىقلادا نېمە قىلىدۇ دەپ ئويلا؟

— ئۇنداقمۇ بولماس، — دېدى ھەسەن ئۆز-ئۆزىنى بەزلەشكە ئۇرۇنۇپ.

— قاندا دەيسىلە، ئادېش؟

— كېچىدە قوناقلىقتا ئۇچقۇشۇپ قالغانغىلا يامان ئويدا بولاپمۇ كەتمەس دەيمەن.

— توغرا، ئانچىۋالامۇ ھۇكۈپ كەتمەي، تۇرىلى، كىم بىلىدۇ، بىزنىڭ مىدىرلىشىمىزنى ساقلاپ تۇرغان بولسا، دېگەن يېرىدىن چۈشمەيلى دەيمەن.

— ئەمىسە مۇنداق بوسۇن، — دېدى ئابدۇرېھىم گەپنى مەركەزلەشتۈرۈپ، — سىلە قايتىۋەسىلە، بىز يەر ئالماشتۇرىمىز دېسەك، سىلىنىڭ بىزنى تاپىاقلىرى تەس بولۇدا، شۇڭا بىز ھازىرچە جايىمىزدىن قوزغالماي تۇرىلى،

سىلى ئەتە كۈندۈزدە ئەھۋال كۆزۈتۈپ باقسىلا، ئەگەر شۇندا گۇمان بولۇدۇغان بوسا ئەڭ ئەۋەل سىلىنىڭ ئۆيگە كېلىدۇ، بۇندا بى شەپە بولغان ھامان تامدىن ئاتىلىپ قاچسىلا، بىزگە خەۋە قىلسىلا، بىزمۇ تەييا تۇرىلى، قېچىپمۇ نەگە قاچامىز، دەيلا، مۇشەدە ئېلىشىپ، بېشىمىزغا كەگەننى كۆرەمىز، يا...

— باشقا باللانىڭمۇ بىلىنىپ قاغانلىرى بوسا، بىخۇت ئوتتۇراپ، موكلا قولغا چۈشمىسۇن، ئۇلاغىمۇ ئەھۋالنى دەپ قويسىلا، ئۇلامۇ ئەگەر بىلىنىپ قاغانلىقى سەزگەن بوسا دەرھال بىزگە قوشالسۇن. ھەممىز كەگەننى تەڭ كۆرەمىز، — دېدى ئابدۇسالام.

— ئەمىسە بۇ كېچە ئۈچ تەرەپتە قاراۋۇل تۇرايلى، غەپلەتتە قالساق تىرىك تۇتۇلۇپ شەرمەندە بولمايلى يەنە، — دېدى ئىمام.

بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە بولۇدۇغان بىر يامان ئاقىۋەتنى كۈتۈش، شۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگىنىدىنمۇ يامانراق تۇيۇلۇدۇ. بۇ تازىمۇ «تويىنىڭ بولغىنىدىن ‹بولۇدۇ›سى قىزىق» دېگەندەكلا ئىش ئىدى.ئادەم بۇنداق دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۇزاققا سوزۇلغان كۈتۈشلەردە ھەتتا شۇنداق يامان ئىشنىڭ چاپسانراق مەيدانغا كېلىپ، «دۇمباقنىڭ يېرىلىشى»نى تىلەشكە باشلايدىغان ئىشمۇ بار. بۇ ياشلارمۇ نەچچە كۈندىن بېرىكى قارارسىزلىقتا، ھامىنى بېشىغا كەلمەي قالمايدىغان بەختسىزلىكنى بولۇدۇغنى بولۇپلا قۇتۇلساقمۇ بوپتىكەن دېگەن يەرگە كېلىشكەندەك قىلاتتى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگۈرۈش خەۋرى ئۇلارنى ھەتتا بىر ئاز جانلاندۇرۇپ، جەڭگىۋار قىلىپ قويغاندەكمۇ قىلدى.

ھەممەيلەن بىردىن بىر قوراللىرى بولغان پىچاقلىرىنى بىلەشتى. نەچچە كۈندىن بېرى بۇ قان يۇقى پىچاقلىرىنى قىنىدىن ئېلىشتىنمۇ يىركىنىپ يۈرۈشكەن بولسا، ئەمدى بىردىنلا پەيدا بولغان جاسارەت بىلەن، بىر پىچاقنى يەنە بىرىنىڭ ئارقىسىغا بىلەپ، پىقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمگە سۈكۈت ئىچىدە يۈزلەنمەكتە ئىدى.

***

ئەتىسى كۈنى بويى تىنچ ئۆتتى. ئەمما ئاخشىمى ئۈچ مۇجاھىت ۋە بىرسىنىڭ ئايالى قېتىلىپ تۆرت كىشى قوناقلىققا كېلىشتى. بۇ ھال كۈتۈلمىگەن بىر ھال سانالمىسىمۇ، يەنىلا دوستلارنى ھوركۈتۈۋەتتى.

— نېمە گەپ بۇ؟ — دېدى بىرنەچچە ئاۋاز تەڭلا.

— بىزنى بىلىپ قالغاندەك تۇرۇدۇ، بەربىر تۇرمىگە قامايدۇ. ئازاپ تارتىپ ياشىغىنىمىزدىن شېھىت بولۇپ قۇتۇلغۇنىمىز ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇلاردىن بىرى جاۋاپ بېرىپ.

— ئەمما ئانارگۇلغا تەس-تە! — دېدى ئابدۇسالام دوستىنىڭ ئايالىغا ئىچى ئاغرىپ.

— تۈرمىدە ئاسانراقما؟ — دېدى ياغلىقلىرىنىڭ ئارىسىدا كىچىككىنە يۈزى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئانارگۈل ئۆكتە قىلىپ، — قىيىن-قىستاقلار تېخىمۇ تەستۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئاسانراق جان چىقىدىغان يولنى تاللىدىم، — ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى سەھرا قىزلىرىغا خاس ساددىلىققا تامامەن توغرا كەلمەيدىغان بۇ قەيسىرانە جاۋاپ يىگىتلەرگە بىر تۈرلۈك مەدەت، ئىلھام مەنبەسى بولۇپ قالدى. يىگىتلەر دوستىنىڭ ئايالىغا تىكىلىپ قارىسىمۇ بۇ ۋىجىككىنە قىزنىڭ ئەپچىل ۋۇجۇدىنى، قوللىرىنى مالغا ئوت ئېلىشتىن قالغان يېشىل داغلارنى كۆرۈپ تۇرغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئون گۈلدىن بىرىمۇ ئېچىلماي تۇرۇپ شېھىت بولۇشنى ئويلىغىنىدا يۈرەكلىرى تىلغىنىپ كەتتى.

بۇ ھالدىن ئابدۇرېھىمنىڭمۇ، ئابدۇسالامنىڭمۇ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. لېكىن ئۇلار باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن يەرگە قارىۋېلىشتى. ئۇلار يەنە بىر قېتىم تىرىك قولغا چۈشمەسلىك توغرىسىدا دېيىشىۋالدى. بۇ سۆز بىر نەچچە سائەتتىن كېيىنلا ئۆلۈش توغرىسىدا بېرىۋاتىسىمۇ، بۇنداق خاتىرجەم سۆزلىشىۋاتقان تۇرقلىرى خۇددى قانداقتۇر باشقا بىر ئىش، مەسىلەن، بولغۇسى توي ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقاندەكلا ئىدى. دەككە-دۈككە بولۇشلار چەككە يېتىپ، ئەمدى ئۇلار تامامەن كۆڭۈل تىندۇرۇپ قېلىشقاندەك، كەيپىياتى تۇراقلىشىپ قالغان ئىدى. پىچاقنىڭ يوغۇننى تۇتۇۋالغان ئانارگۈل ئېرىگە:

— سىلى بىلەمۇ، باشقا دوستلار بىلەمۇ جەننەتتە كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولا، ئىلاھىم، — دېۋىدى، ئەمدىلا بولغۇسى ئىشلارنىڭ دەھشىتىنى ئۇنتۇپ، خاتىرجەملىك قازانغان ئابدۇسالام تەكرار ھاياجانغا كەلدى. ئۇ دوستىنىڭ

كۆزلىرىگە بىلىندۈرمەي قاراپ قويدى. دوستى بولسا ئايالىنىڭ ۋىدالىشىش سۆزىنى ئېيتىۋاتقاندىكى خاتىرجەم تۇرقىغا تىكىلىپ، ئىچىدە ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى. قانداق باتۇر ئايال-ھە؟! ئۆلۈم ئالدىدا بۇنداق سالماقلىق ئاسانمۇ؟ ھېلىمۇ باشقا ئايال بولسا ئېرى بىلەن بىر سەپتە ئۆلۈشنى تاللاش ئەمەس، «مېنى خازان قىلىۋەتتىڭ، ئاللا-كاللا» دەپ چوقان كۆتۈرۈپ مەھەللىنى بېشىغا كىيگەن بولاتتى. ئايالىنىڭ جەسۇرلۇقى ئەرگە مەدەت بولدى. ئەگەر شۇئان بىر توپ دوستلىرى ئارىسىدا بولمىغىنىدا ئۇنى مەھكەم قۇچاغلاپ، نەپەسلىرى كېسىلىپ كەتكۈچە سۆيگەن بولاتتى.

***

ئەلقىسسە. گەپنى ئەلىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتىغان قەھرىمان خەلق ساقچىلىرىدىن ئاڭلايدىغان بولساق، قىزىلبۇيا يېزىلىق ساقچىخانا مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ناھىيىدىن كەلگەن بىر نەچچە ساقچىنىڭ ئاقساقاللىق قىلىشى بىلەن بىر پىلان تۈزۈشتى. ئۇلار بار كۈچى بىلەن توپۇلاڭچى قاتىللارنى ئاشۇ قوناقلىقتىن چىقارماي تۇتۇپ تۇرۇدۇغان، ۋىلايەتكە خەۋەر بېرىلىپ، تاكى ئۇياقتىن زور قوشۇن يېتىپ كەلگۈچە ساقلايدىغان بولۇشتى. بۇ پىلان ھەممىگە ياقتى. بولۇپمۇ كەچقۇرۇن يېتىپ كەلگەن ئىككىنچى ئاخباراتقا كۆرە بۆلگۈنچىلەر قىزىلبۇيىدىكى شېرىكلىرى بىلەن بىرلەشكەن. دېمەك ھازىر قوناقلىقتا توققۇز نەپەر بۆلگۈنچى توپلانغان. ئەمما ھازىر بۇ يەردە بار ساقچى ئازلىق قىلىدىغاندەك تۇراتتى. شۇڭا ھەرگىزمۇ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش ياكى مۇھاسىرە ھالقىسىنى تارايتىمىز دەپ ئۇلارنى ھۈركۈتۈپ قويۇشقا بولمايتى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ توپلانغانلىقى ئۇلارنىڭ يېڭى ھەركەت پىلانى بارلىقىدىن بىشارەتتۇر دېيىلگەن تەھلىلگە ئاساسەن ئۇلار قىزىلبۇيىدىن يۆتكىلىپ كەتسە يەنە ئۇزاققىچە يوشۇرۇن ھالەتتە بولۇپ، جەمىيەتكە ۋە ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىغا تەھدىت ھاسىل قىلىدۇ، شۇڭا دەرھال ئۇلارنى ئاشۇ يەردىن مىدىرلاتماي تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئاتلانمىساق بولماپتۇ، دېگەن قەتئىي قارار بىلەنلا ئۇلار ئىنقىلابىي ئاكتىپلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن قوناقلىق ئەتراپىغا يېتىپ كېلىشتى. كېچىدە ئۇلار شۇنچىلىك قورقۇشتىكى، مىدىر-سىدىر قىلىشماستىن ۋە كىرپىكمۇ قاقماستىن تاڭنى — 27-ئاۋغۇستنىڭ تېڭىنى كۈتۈۋېلىشتى.

قوناقلىقتىكى مۇجاھىدلار ئۆلۈمگە ھازىر ئىدىيەۋىي تەييارلىقتا بولغىنىدىنلا ئەمەس، ئۆلۈشنىڭ تېخىمۇ زور پايدا ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىتىنمۇ، خېلى خوپ خاتىرجەم بولغىنى ئۈچۈن، ئەتراپتا قورشاۋ قىلىۋالغان ساقچىلارنى پايلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنى، روھىي كەيپىياتىنى ئوبدان مۆلچەرلەش بىلەن بىللە، تۆۋەتلىشىپ ئۇخلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردى. كېچىسى بىلىنمىگەن پىستىرمىغا دۇچ كېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاڭ ئېتىش بىلەنلا ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىشقا قارار بېرىشكەنىدى.

ئۇلار بامداتنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشتى. بۇ بەلكىم ئاخىرقى نامىزى بولۇپ قېلىشىنى مۆلچەرلىگەچكە، ئالالھتىن شېھىتلىك مەرتىۋىسى سوراپ ئۇزاق دۇئا-تىلەكتە بولۇشتى. ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ پىلانى بويىچە مىشا تەرەپتىن چىقىپ، مىشاغا يۆتكىلىۋېلىش، ئەگەر قولاي بولغان ئەھۋالدا تىرىك قېلىشقىمۇ ھەركەت قىلىپ، كۆپرەك دۈشمەن ئۆلتۈرۈشكە ئىرادە باغلاشقان ئىدى. مىشا يامانيار دەرياسىغا يېقىن بولغاچقا، ئەگەر «ئوتنىڭ ئىچىدە پاختىنى ساقلاشقا قادىر ئالالھ» يول بېرىپ قالسا يار بىلەن داۋاملىق قېچىپ، تاكى گەز دەرياسىغىچە، ئۇ يەردىن تاغ ئارىسىغىچە قېچىشىمۇ كۆزدە تۇتۇلغان ئىدى.

ساقچىلارنىڭ سانى كۆپ بولمىغاچقا بەكمۇ تارقاق، يالغۇز-يالغۇزدىن تۇرۇشقانلىقىنى كېچىسى رازۋېد قىلىپ بىلىۋالغان مۇجاھىدلار ئەتىگەندىكى سۈرۈن ھاۋادا «بىسمىللاھ» دەپ يولغا چىقتى. قوناقلىقنىڭ قىرىغا كەلگەندە قىرنىڭ ئارقىسىدا مۆكۈنۈپ ياتقىنىچە ئۇخلاپ قالغان ساقچىغا يولۇقۇشتى. ئەسلىدە بۇ ھالدا ماجرا تېرىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى، ئاستىلا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇشتى. بىراق، سەھەرنىڭ قىملىقىدا قوناقلارنىڭ شاراقلاشلىرى شۈبھىلىك ۋەھىملىك سادا بېرەتتىكى، ئۇنى ئاۋايلاش بىلەنمۇ ئازايتقىلى بولمايتى. مۇجاھىتلاردىن ئۈچى ئۆتۈپ بولغاندا ساقچى ئويغۇنۇپ قالدى ۋە چوقان كۆتەردى.

ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن ئابدۇسالام قولىدىكى پىچاقنى ساقچىنىڭ كۆكسىگە كۈچ بىلەن ئۇرۇۋىدى، ساقچى ئۆزىنى قاچۇردى. بۇ ئۇنىڭ تەربىيىلەنگىنىدىن، چاققانلىقىدىنمۇ ئەمەس، تەبىئىي ئىنستىنكت ئىدى. ئارقىدىن كەلگەن قەيۇمۇ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ساقچى يەردە پومۇداقلىنىپ، توختىماي ۋارقىرايتى. يېڭى قېتىلغان مۇجاھىتلار ھەتتا ئۇنىڭ نالە-زارىغا ئىچ ئاغرىتىپ، «بەلكىم بۇنىڭمۇ بالا-چاقىسى باردۇر» دەپ ئويلاشقا باشلىغاندا، ئىمامنىڭ بىر پىچىقى، ئابدۇسسالامنىڭ بىر زەربىسى بىلەن ئاغزىدىن بۇلدۇقشۇپ قان كېلىپ زۇۋانى ئۆچتى. ئانارگۈلنىڭ بېشىنى ئېرى قامالاپ تۇتۇپ ئۆزىگە قارىتىپ كۆكسىگە مەھكەم بېسىۋالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئانارگۈل ئىچ-ئىچىدىن كەلگەن قۇرۇق قەي بىلەن قوساقلىرى تولغۇشۇپ كەتتى. ئۇلار ئەنە شۇ تەقلىتتە ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما يەنە بىرنەچچەيلەن كۆز ئالدىدىكى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان قانلىق سەھنىگە قاراپ ھاڭقىيىپ تۇرۇشاتتى.

ئەنە شۇ چاغدا ئىككى تەرەپتىكى قوناقلىقلاردىن شاراقلىغان ئاۋاز بىلەن ئاياق تىۋشلىرى ئاڭلانغاندىلا ئابدۇسالام ھەمرالىرىغا:

— دۈشمەنلەر كېلىۋاتىدۇ، ئىشتىكراق كېتىلى، بولۇڭلا، — دېدى-دە يېڭى قېتىلغان دوستلىرىدىن بىرىنى كۆچەپ ئىتتىردى. ھەڭقىيىپ قالغان بۇ يىگىت شۇندىلا سەندىرەكلىگىنىچە قوناقلىق ئارىسىغا كىرىپ كېتىشتى.

ئۇلارنىڭ قارسى يۈتۈشىگىلا يېتىپ كەلگەن بىر نەچچە ساقچىمۇ كۆز ئالدىدا توپا-لايغا مىلىنىپ، جان تالاشقاندا تىپچەكلەپ ئەتراپتىكى قوناقلارنىمۇ قايرىپ چەيلىۋەتكەن، چەيلەنگەن قوناقلارنىڭ شاخ –يوپۇرماقلىرىمۇ قانغا مىلەنگەن قورقۇنۇچلۇق مەنزىرىگە قاراپلا ھۆ تۇتۇپ تەتۈر قارىۋېلىشتى.

— مۇشۇ ياققا كەتكەندەك، ئۇياقتىن قوناق شىېخى شاراقلاۋاتىدا، —دەپ ۋارقىرىنىچە يېتىپ كەلگەن يەنە بىرىمۇ، بۇ مەنزىرىنى كۆرگىنىدە دەرھال زۇۋانى ئۆچۈپ، شەپكىسىنى ئاغزىغا قاپلىۋالدى.

ئۇلارغا دەرھال جاننىڭ تاتلىقى بىلىنگەن ئىدى. بۇ ئىش كىنولاردا كۆرگىنىدەك ئۇنداق ئاسان، ھەربىيلىرىمىز ئۆلمەيدىغان شەكىلدە ئەمەس، بۇنىڭمۇ ئىسسىق جېنى يۇمشاق گۆش ئىچىدە بولغاچقا بۇنىڭغىمۇ تىغ ئۆتۈدۇغانلىقى بىردىنلا ئايان بولغاندەك قورقۇپ ئۆڭسىلى ئۆچۈپ كەتكەن ئىدى. تېخىمۇ موھىمى ئۇلار مۇشۇ ھاياتنى ياشاپ بولساقلا يەنە باشقا ھايات يوق دەپ بىلگەچكە ھايات تېخىمۇ قىممەتلىك ئىدى. ئۇلار ئاخىرەت كۈنىگە، ھساپ-كىتاپقا ئىشەنمىگىنى ئۈچۈنلا مانا شۇنداق مۇناپىقلىقنى بىر كەسىپ سۈپىتىدە قىلىشىۋاتقانلار ئىدى.

ئەمما ۋەزىيە ئېتىبارى بىلەن بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى قوغلىمىسا بۇ كەسپتىن قۇرۇق قالۇدۇغان ئىشمۇ باردى. شۇڭا، ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش، تۇتۇۋېلىش ئۈمىدىدە ئەمەس، پەقەت خوجا كۆرسۇنغىلا قوغلاپ كېتىشتى.

ئارقىدىن قوغلاۋاتقان ساقچىلار مۇجاھىدلارغا يېقىنلىشالمىدى. چۈنكى بىر تەرەپ تامامەن جاندىن كەچكەن، يەنە بىر تەرەپ ياشاشتىن تامادا بولغاندا ئەنە شۇنداق ھالەت شەكىللىنىدۇ. ئۇلار مىشا يېزىسى تەۋەلىرىگە كەچكىچە ئاران كېلىشتى. چۈنكى ئۇلار كېپەزلىك بىلەن قوناقلىق قىرلىرىدا ئايلىنىپ، بەك ئۇزاق ئاۋارە بولۇشتى. بۇ چاغدا مىشا يېزىلىق ساقچىخانىغىمۇ خەۋەر بېرىلگەچكە، مىشادىكىلەرمۇ يامانيار دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىدا مۇجاھىدلارنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. بۇ ھال مۇجاھىتلارنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى. ساقچىلاردىكى ئوق چىقىرىشقا ئاجىزلىق، قورقۇنچاقلىق بىر ئاجىز ھالقا ئىدى. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار كېچىسى كىشىلەرنىڭ باغچىلىرى، ئورىلىرى، قوتانلىرىدىن پانالىق يەر تېپىپ، ئۆي ئىگىسىگىمۇ تۇيدۇرمىغان ھالدا شۇ يەرلەردە تۈنەشتى.

تاڭ سەھەردە قەشقەردە تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى تۈرتىنچى ئەترەت مىشاغا يېتىپ كېلىشكەن ئىدى. ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدىكى سەيناداا ماشىنىلاردىن چۈشۈپ، شۇ يەردە سەپكە تىزىلىشتى. جىياخۇيلۇ بۇ پۇرسەتتە ئۆزىنىڭ قوماندانلىق كىبىرسىنى كۆرسەتكەن ھالدا جەڭ سەپەرۋەرلىكى نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ سۆزىدە تىرىك تۇتۇشقا بولسا مۇمكىن قەدەر تىرىك تۇتۇش، بولمىسا نەخ مەيداندا ئېتىشقا ھوقۇق بەردى.

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرىمۇ جەڭچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلەرنى يوقۇتۇش ئىشىغا ياردەمدە بولۇدۇغانلىقى ھەققىدە تۇتۇم بىلدۈرۈشۈپ، كېرەك تېپىلسا بارلىق دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىشقا ۋەدە بەردى. جىيا خۇيلۇ دېھقانلارنىڭ بەك كۆپ پايدىسى بولمايلا قالماي، ھەركەتكە توسالغۇ بولۇدۇغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ پىسخىك ئۈنۈمىنى چۈشۈنەتتى. چۈنكى ئۇ دېگەن خىتاي-دە. بۇ بۆلگۈنچىلەرگە شۇنداق مەساج بېرەتتى: «قارا، سەن ئازات قىلماقچى بولۇۋاتقان بۇ خەلقىڭمۇ بىز تەرەپتە، سېنىڭ ئارقاڭدا ھېچقانداق خەلق يوق، سەن يالغۇزسەن، يېتىمسەن!» مانا شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن سەپەرۋەر قىلىشقا بولۇدۇغان بارلىق ئەرلەرنى كالتەكلەر بىلەن قوراللىنىپ چىقىشقا سەپەرۋەر قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۆزلىرىنىڭمۇ مۇشۇ جەڭگىۋار قوشۇننىڭ سېپىدە توپۇلاڭچىلار بىلەن كۆرەشكە ئاتلىنىدىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن يەرلىك رەھبەرلەر دەر ھال ئۆز ئەترەتلىرى، مەھەللىرىدىكى 16 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى كالتەك، ئارا، كۈرجەكلەر بىلەن قوراللىنىپ چىقىشقا چاقىردى. نۇرغۇن دېھقانلار بۇنى بىر خىل ھاشار سۈپىتىدە كۆرگەنلىكى ئېنىق؛ ھاشارغا چىقمىسا نومۇر تۇتۇدۇغانلىقى ئۈچۈنلا مەجبۇرىي چىقىشقان بولسا، نۇرغۇنى بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭقارغىنى يوق ئىدى. ئاز بىر قىسمى بولسا بۇنىڭ بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىش، بەلكىم بىرەر ئەترەتكە باشلىق بولۇپ قېلىش تاماسىدا ئاڭلىق قاتناشتى دېيىشكىمۇ بولاتتى. تېخىمۇ ئاز بىرنەچچىسى ئۆزلىرىنىڭ كىمگە قارشى، كىمنىڭ پايدىسى ۋە كىمنىڭ زىيىنىغا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، سەپتىن قېلىش بىلەن سالاھىيىتىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ۋىجدانى ئازاپلانغان ھالدا ئارقىدىن سۆرۈلۈپ كېلىشەتتى.

جىياخۇيلۇ توپلانغان 3000 دەك دېھقانلار قوشۇنىغا قاراپ سۆيۈنۈشتىن كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتتى. ھازىر ئۇ پولك قوماندانى دەرىجىسىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قول ئاستىدا پولك شىتاتىدا بولۇشقا تېگىشلىك ساندا ئەسكەر يوق ئىدى. مانا ئەمدى مۇشۇ يېزىدىكى ھەركەتتە بولسا ئۇ بىر بىرىگادا بولۇپ قېلىۋاتاتتى. سانسىزدەك بىلىنىپ، مەيداندا مىغىلداشقان بۇ ئالامان پەقەت ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتى. ئۇ ئۆلتۈر دېسىلا ئالدىغا كەلگەننى ئۆلتۈرۈشكە تەييار ئىدى. ئۇ نېمىشكە مەمنۇن بولمىسۇن؟ تېخىمۇ قىزىق يېرى شۇكى، بۇ قاپاقۋاش خەلق ئۆزىنىڭ ئازاتلىق جەڭچىلىرىگە قارشى ئاتلاندۇرۇلۇۋاتاتتى. مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى ئۆزىگە سېلىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەشكىللىيەلىگەنلىكىنى ئويلىسىمۇ مەمنۇن بولماي قالمايتى.

— سىلەر ۋەتەننىڭ تېنچلىقىنى قوغداشتا بىز — خەلق ئەسكەرلىرى ۋە خەلق ساقچىلىرى بىلەن بىر سەپتە بولغىنىڭلاردىن پەخىرلەنسەڭلار ئەرزىيدۇ. بىزمۇ شۇنداق، سىلەردەك ھوشيار، بۆلگۈنچىلۈككە قارشى سەگەك بىر خەلق بىلەن بىللە كۆرەش قىلىدىغانلىقىمىزدىن سۆيۈنۈۋاتىمىز. بىز ئالدى بىلەن دۈشمەننىڭ يوشۇرۇنغا يېرىنى رازۋېت قىلىپ، مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قورشاپ تۇتۇشقا سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار زۆرۈر بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا سىلەر بىزگە ماسلىشىپ ھەركەت قىلسىلەر، قالايمىقانچىلىق چىقماسلىقى ئۈچۈن ئۆز ئەترەتلىرىڭلار بىلەن، گورۇپپا بولۇپ، ھەر گورۇپپا بەلگىلەنگەن دائىرىدە ھەركەت قىلسۇن.

مىشا ۋە قىزىلبۇيا ساقچىلىرى تەمىنلىگەن يىپ ئۇچلىرىنى تەھلىل قىلىپ، دۈشمەننىڭ تەقرىبەن ئورنى بەلگىلەندى. ئاندىن كىچىك ئەترەتلەرگە ۋەزىپىلەر بېرىلدى. گورۇپپا-گورۇپپا بولۇشقان خىتاي ئەسكەرلىرى مەھەللىلەرنى تىنتىشقا ئاتلىنىشتى.

چىش تىرنىقىغىچە قوراللانغان خىتاي ئەسكەرلىرى يوللاردىمۇ قوراللىرىنى ئالدىغا قارىتىپ تۇتۇشقان ھالدا تىمىسقىلاپ كېلىشەتتى. قوللىرىدا ئاپتومات بولۇش بىلەن قالماي، ھەممىسىدە تاپانچا، بۇنىڭدىن باشقا يەنە خەنجەرلىرىمۇ بارىدى. ئەسكەرلەر ھازىرلا كۆزلىرىگە بۆلگۈنچىلەر چېلىقىپ قالىدىغاندەك تاماگەرلىك بىلەن يول بويلىرىغا، يول بويىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە قاراپ كېلىشەتتى. ئۆگزىلەردە قوناق شېخى، جىگدە بادرىلىرى، ياكى ئەگرى دوناي بىرەر ئىككى ياغاچ، كۆتۈچەكلەر بېسىپ قويۇلغان بولاتتى. يولدىن يېزا ئۆيلىرىنىڭ بىرى ئوچۇق كۆرۈنەتتى. بۇ ئۆيلەر بىرەر يەر تەۋرەشتە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، چالما-كېسەك ئارىلاش پوملاپلا ئېتىۋېلىنغاندەك، بەكمۇ سەت، ياپىسىز داڭگاللار سۇۋاقسىز يۈزى تۆزەنسىز ھالەتتە ئوچۇق كۆرۈنەتتى. بۇنىڭ يېنىدا بولسا ھەقىقەتەنمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندىن كېيىن شۇ پېتى تاشلىۋېتىلگەندەك ئۈچ تېمى ۋە ئۆگزىسى بولغان، ئەمما قوتان ياكى تۇرالغۇ ئۆيلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان بىر يېپىلما تۇراتتى. بۇنچە رەزگى بىر قۇرۇلۇشنى دادىل ھالدا قوتان

دېيەلمەسلىكىمىزنىڭ سەۋەبى بۇ يەردىكى ئەمەلىي ئەھۋاللاردا دائىملا مانا شۇنداق سىرتىدىن قوتاندەك ھەم پاكار، ھەم كۆرۈمسىز، سىرتىدىن قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىشىكىنى ئاچسىڭىز ئۇ يەردىن ئادەملەرنىڭ تىرىكلىك ھەركەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشى ئىدى.

ئەسكەرلەرگە قارشى يۈزلىنىشتىن ئېشەك ھارۋىسى كېلىۋاتاتتى. ھارۋىدا تومۇز بولۇشىغا قارىماي بېشىغا تۇماق، ئۇچىسىغا قېلىن كىيىملەر كىيىۋالغان بىر دېھقان، ھارۋىسىدا ئايالى بولۇشى ئېھتىماللىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدىغان بىر ئايال، ئايالمۇ توپا چىراي نەگىدۇر ئىشلەشكە بېرىپ كېلىۋاتقان، ياكى ئىشلەشكە كېتىۋاتقاندەك ھارغىن، ھاياتتىن ھېچ زوق ئېلىپ باقمىغان بىچارە چىراي تۇرقى بىلەن مۆكىدەپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ كوچىغا يېيىلىپ، قوراللىرىنى ئالدىغا قارىتىپ تۇتۇپ ئېتىشقا تەييار بىر ھالەتتە كېلىۋاتقىنىدىن خېلى ئېسەنكىرەپ كېتىشكەندەك قىلىشتى. چۈنكى ئۇلار قورقۇشقا ئۈگىنىۋالغان خەلق ئىدى. گۇناھى بولمىسىمۇ قورقۇۋېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەر دېگەننىڭ پەيلى تۇتسا ئېتىۋېتىپمۇ ھېچنېمە بولمايدىغانلىقىغا ئائىت نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان بولغاچقا، مۇمكىن قەدەر رايىشلىق بىلەن ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىماسلىققا تىرىشىپ ئۆتۈپ كېتىشنى ئەۋزەل بىلىشەتتى. ھارۋىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى چىرايىدىن ئىپادىلەشكە تىرىشقانسېرى، بۇ سىئىيلىك ئۇلارنى خۇددىكى باردەك كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىچە ئەسكەرلەر بىزگە دىققەت قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ چىرايىمىزدىكى سەراسىمىنى بايقاپ قېلىۋاتامدىغاندۇ؟ دېگەندەك ئەندىشىلەردىن تېخىمۇ ھولۇققان ھالدا ئېشىكىنى بىرچەتكىرەك تارتىشىپ، ھىجايغان چىراي ئىپادىسى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇر ئەسكەرلەر كېلىشىۋاتاتتى. گەرچە كىيىنىشلىرى ۋە چىراي تۇرقىدىن ئۇيغۇرلۇقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغانلاردىن، يول بويلىرىدا قىزىقىش بىلەن ھاڭقىيىپ قاراپ تۇرغانلاردىن گەپ سورىغانلىرىدىلا ئۇيغۇر ئىكەنلىكى بىلىنەتتى. ئۇلار ھەر ئادەمدىن يات كىشىلەرنى، بىنورمال كۆرۈنۈشتىكى ياشلارنى كۆردۈڭلارمۇ؟ دەپ سۈرۈشتۈرۈپ كېلەتتى.

قارشىدىن موتوسىكلىت مىنگەن يېزا بايلىرىدىن بىرى كۆرۈندى. ئۇنىڭمۇ ئالدىدىراق رەزگى ۋەلسىپىتلەرگە مىنىشكەن ئىككى دېھقان كېلىۋاتاتتى. موتۇسىكلىت مىنگىنى ئۇلارنى چاڭ توزانغا كۆمۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ۋەلسىپىتلىكلەر چاڭ بىردەملىك غايىپ بولۇپ كەتكەندەك بولۇپ، ئارقىدىن ئاستا-ئاستا بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەندەك، ئاۋال غۇۋا، ئاندىن ئېنىقراق كۆرۈندى. ئەمما موتۇسىكلىت مىنگەن بايۋەچچە ئەسكەرلەرنىڭ يېنىدىنمۇ ئاشۇنداق تېز ئۆتۈپ كېتىشكە پېتىنالمىدى. ئۆز-ئۆزىدىن قورقۇش پسىخىكىسى شەكىللەندۈرۈلگەن بۇ خەلقتە بۇنچىلىك جۈرئەتنىڭ بولۇشى قىيىن ئىدى. ئۇ جىددىي ئاستىلاپ، ئەسكەرلەر بىلەن روبىرو كېلىشتىن ئاۋالراق توختايدىغانلىقى بىلىندى. دېگەندەك، ئۇ پۈتىنى يەرگە ئېلىپ، موتۇسىكلىت ئۈستىدە تۇرۇپ يەرگە

چامداپ، بىرنەچچە قەدەم كەلگەندىن كېيىنلا ئەسكەرلەر بىلەن قاشىلاشتى. ئۇنىڭ كالتە ساقىلى چىرايلىق ياسىتىلغان، بېشىغا كەمچەت تۇماق كىيىۋالغان ئىدى. چىرايىدىن بولسا قۇللارچە خۇشامەت يېغىپلا تۇراتتى. ئۇ گويا مۇشۇ ئەسكەر يولداشلارنىڭ بىرەر ئىشىغا ياراپ قالسامكەن دېگەندەك بىر ئۈمىت پارلايتى.

— يات ئادەم كۆردۈڭلۈما؟ ياش باللا، نا تونۇش، سىلى بۇ يەرلەردە بۇرۇن كۆرمىگەن باللا؟

— ئاۋۇ ئالدى تەرەپتە بىرنەچچە ياش بالىنى كۆردۈم، بىلمىدىم، سىلى ئىزدىگەنلە شۇمىكى؟

— قانداراق باللىكەن؟ قانچىكەن؟

— تۆت بەشتەك باللا، ئاشۇ تەرەپتە بىر ئېتىز يولىغا چىرىپ كەتكەندەك قىلدى، يا بىرەسىنىڭ ئۆيىگە چىرىپ كەتتىمۇ، ئىشقىلىپ، ئالدىمدا يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتەپلاكىم ژۇتۇپ كەتتى.

ئەسكەرلەرگە بۇ تۇنجى مەلۇمات كىچىككىنە بولسىمۇ يىپ ئۇچى بولدى، ئەمدى بۇ ئەتراپتىكى ئۆيلەرنى بىر-بىرلەپ ئاختۇرۇشقا، ئېتىزلارنى قورشاشقا كىچىككىنە ئاساس بولدى. ئەسكەرلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن موتۇسىكلىت مىنگەن باي خېلى روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك تېتىكلىشىپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئەسكەرلەرگە ئەسقاتتى-دە. يول بويىدا قىزىقسىنىپ تۇرغانلارمۇ ئۇنىڭ بۇ ئەسقېتىشىغا ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقاندەك بىلىندى.

مەھەللىسىگە يېقىن كەتكەن خىتاي ئەسكەرلىرىگە خۇددى قىزىق بىر ئويۇن ياكى ئەمەككە ئېرىشكەندەك قىزىقىپ قاراۋاتقان يېزا باللىرىنىڭ چىرايىدىن ئۈگۈتۈلگەن خوشامەت كۈلكىسى چىقىپ تۇراتتى. چىشلىرى كوماك مەكتەپ يېشىغا يەتمىگەن بىرىمۇ چوكىلارنىڭ كەيپىياتىغا ماسلىشىپ، ئەسكەرلەرگە ھىجىيىپ قاراپ تۇراتتى.

بەزى ئايالللار بولسا ئوتتۇرىدا ئېقىپ يۈرگەن يامان ئادەملەر، قاتىللار ھەققىدىكى خەۋەرلەر بىلەن مانا بۇ ئەسكەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگىنىدە ھېلىلا سوقۇش چىقىپ، غايىپ ئوق تېگىپ كېتىدىغاندەك سەراسىمە بىلەن، باللىرىنىڭ قولىدىن داقىرىتىپ سۆرگىنىچە، قىڭغىر قىيسىق كەپىلىرىگە كىرىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقىنى كۆرۈنەتتى.

ئەمدىلىكتە ئەسكەرلەر ئىككى تەرەپتىكى ئۆيلەرگە يامراشتى. ئەسكى بورىلىرى چۇۋۇلۇپ چىقىپ تۇرغان ئېغىللار ياكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى، بۇ يەرلەردە ئادەم ياشىمايدىغان تاشلاندۇق خارابىلەردەك كۆرۈنەتتى. ئەمما ئاشۇ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندەك چۇۋۇق بورا ئاستىدىكى ئوچۇق يەردىن قارالغىنىدا ياماق سېلىنغان غەلۋىر، كۆتمەك سۈپۈرگە، بىر چىشى سۇنۇق ئارا، جوغۇچى سۇنۇق ئۆرىق قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ جاي-جايىدا تەخلىنىپ تۇرغىنى، سىرتتىن خارابىدەك تۇرسىمۇ ئىچىنىڭ پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، سۇ سېپىپ قويۇلغانلىقى، بۇ يەردە ئادەم ياشاۋاتقانلىقىنى دەلىللەيتى.

بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىمۇ يوق بولغاچقا، ئىچكىرىدىكىلەرنىڭ كۆرۈنمەسلىكى ئۈچۈن ھەركىم تاپالىغان ئىمكانىغا كۆرە پەردە تارتىپ قويۇشقان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كونا ئەتلەس كۆينەكتىن ئۆزگەرتىلگەن خېلى قاملاشقان پەردىلەرمۇ، كونا كۆرپىلەرمۇ، سەگەز زەدىۋاللارنىڭ پارچىسىدىن ھازىرلانغانلىرىمۇ بار ئىدى.

يېڭى بايلارنىڭ ئۆيلىرى خېلى ياسىداق دېيىشكە بولاتتى. قىرغىزلارنىڭ تەمسىلىدە «سارت باي بولسو تام سالات، قىرغىز باي بولسو قادىن ئالات» دېگەندەك، ئۇيغۇرلار پۇل تاپسىلا ئۆي يېڭىلايدىغان، ئۆي سالىدىغان، ئۆي ياسايدىغان ئادەتكە كۆرە، بۇ ياسىداق ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىدە بۇرۇنقى سۇپىلار ئورنىنى تاختايلىق سۇپىلار ئىگىلىگەن، ھېچ بولمىسا ياتىدىغان ئۆيلەرنى ئاشۇنداق چاپان شاللاردىن بولسىمۇ تاختاي سۇپا قىلىۋېلىشقان ئىدى. خىتاي ئەسكەرلەر سۇپا ئالدىغا تارتىلغان لەپىلدىمە پەردىلەرنى قورالنىڭ ئۇچى ياكى نەيزىسى بىلەن قوپال قايرىپ، ئادەم پېتىپمۇ كەتمەيدىغان بۇ پاكار سىغىناقلارنى بوش قويۇۋەتمەي ئارىلاپ چىقاتتى.

خىتاي ئەسكەرلىرى مەلۇم بىر باينىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ، بۇ ئۆينىڭ كۆك تۆمۈر دەرۋازىسىنى قېقىشقا باشلىدى. بۇ دەل ھېلىقى موتۇسىكلىتلىق ئادەم يات باللانى كۆردۈم دەپ تەرىپلىگەن يەردە بولغاچقا، بۇ ئەتراپتىكى ئۆيلەر ئالا قويۇلمايتى. دەرۋازىنىڭ گۈمبۈرلەپ ئۇرۇلۇشىغا ھېچكىم جاۋاپ بەرمىدى. ئىككى قانات ئارىسىدىكى قىسىلچاقتىن قارىغاندا پىشايۋان سۇپىسىدا بىر ئايال ئولتۇراتتى. ئۆيدە ئادەم بارلىقىنى ئېنىق كۆرگەن، ئەمما جاۋاپ ئالالمىغان خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ گۇمانى ھەسسىلەپ ئاشتى.

— ئادەم بامۇ؟ دەرۋازىنى دەرھال ئاچ! — دەپ ۋارقىرايتى قەيسەر. ئۇ مەسلىھەتچىلەر مۇئاۋىن باشلىقى بولسىمۇ، ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئەسكەرلەردەكلا خىزمەت قىلىۋاتاتتى.

— دەرۋازىنى ئاچ! — دەپ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆز روللىرىنى جارى قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى باشقا ئۇيغۇر ئەسكەرلەرمۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار خېلى بىر ئىشقا ئەسقاتقاندەك بولۇپ، ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى.

بىر ھازا ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن خىتايلار بۇ ئۆيدە چوقۇم چاتاق بارلىقىغا ئىشىنىپ، تامدىن ئارتىلىشقا نىيەت قىلىشتى. قەيسەر قول ئىشارىسى بىلەن ئارقىسىدا ۋە يېنىدا تۇرغان ئەسكەرلەرنى تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈشكە بۇيرۇدى. ئۇنىڭ قول ئىشارىسى بىلەنلا ئەسكەرلەرنىڭ تامغا يامىشىشىنى كۆرۈش قەيسەر ئۈچۈن بەكمۇ ھوزۇرلۇق تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كوماندىر ئىكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئۆرنىكىنى كۆرۈۋاتاتتى. تامدىن ئارتىلىپ كىرگەنلەر دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. ئەسكەرلەر خۇددى خىتاي كىنولىرىدا تەسۋىرلەنگەن ياپونلاردەك ھويلىغا بېسىپ كىردى.

پىشايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرغان جۇۋان قورقۇشتىن يىغلايلا دەپ قالغان ئىدى. ئارقىمۇ-ئارقا بېرىلگەن سوئاللارغا يەنىلا جاۋاپ بېرەلمىگەن جۇۋان قۇلىقى ۋە تىلىنى ئىشارەتلەپ، ئۆزىنىڭ ھەم گاچا، ھەم پاڭقايلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئەسكەرلەر ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ ئولتۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆينىڭ ئاستىنى ئۈستىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى. ئاخىرىدا خۇددى بۇ يەردە بىر توپ ياۋاتوڭگۇز ئېغىنىغاندەك قالايمىقان قىلىۋېتىپ، چىقىپ كېتىشتى.

مەھەللىلەردە، ھويلا بۇلۇڭلىرىدا بولغان تونۇرلارنىڭ يامغۇردىن دالدا قىلىپ يېپىلغان يوپۇقلىرىمۇ قوپاللىق بىلەن چۆرۈپ تاشلىنىپ، ئىچىگە قارايتى. بەزىلىرى قاراش بىلەن قانائەتلەنمەي، كۆللەرنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇن يەر ئاستى يولىنىڭ ئېغىزى بولۇش ئېھتىماللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆللەرنىمۇ تىتىپ باقاتتى.

ئەگرى-دوناي ياغاچىنىڭ ئاچىسىنى تۈۋرۈك ئورنىدا تىكلىگەن ئاران تۇرغان چەللىلەرنىڭ ئۆگزىسىمۇ ئالا قالمايتى. قورقۇنچاق خىتايلار چەللىلەرنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، چەللە پىشايۋانىنى تاياندۇرغان ئەسكى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، ئۇ يەردىن چەللىنىڭ ئۆگزىسىنى ئېنىق كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇشاتتى. چەللىنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان ئەسكى پاخاللارنى نەيزىسى بىلەن تىتىپ بېقىشقىنىدا، ئاستىدىن شۇرۇلداپ توپا تۆكۈلەتتى. ھەتتا بىرەر قۇچاق پاخالمۇ چۈشەتتى.

بەزى ئۆيلەر بولسا مانا بۇ ياۋۇز قوشۇننىڭ تىقىلىپ كىرىشلىرى ۋە ھەريەرنى تىنتىشلىرى بىلەن رەسمىي ئادەم ياشىمايدىغان خارابىلەرگە ئايلىناتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقاندىقىغا ئىشەنمىگەچكە، ھەربىر ئۆينى چالا قويماي

ئاختۇرۇپ، ئون سائەت جاپالىق خىزمەت قىلىشتى. تۇرشاۋۇل قىسىملاردا مەخسۇس ئادەم گۆشىگە ئادەتلەندۈرۈلگەن ئاپشاركىلار ھېلىلا تاسىمىسىنى ئۈزۈپ قاچىدىغاندەك سۆر ھەيۋە بىلەن يۇلقۇنۇپ، يېتىلىگۈچى خىتايىنى ھارغۇزۇپ، سۆرەپ كېتەتتى. ئىتلارنىڭ بۇ ۋەھشىيانە پەيلى خىتايلارنىڭكىدىن قېلىشمايتى.

تاملىرى قوپال ئېتىلگەن قوتانلارنىڭ قىغ چىقىرىش ئۈچۈن قويۇلغان تۆشۈكلىرى خۇددى پوتەينىڭ ئوق ئېتىش تۆشۈكىدەك كۆرۈنۈپ كېتەمدىكىن، خىتايلار زور ئېھتىيات بىلەن تامغا سۈۋۈشۈپ كېلىپ، ئاندىن بىردىنلا ئۈدۈلغا ئۆتۈپ، قورال تەڭلەيتى. ئەنە شۇنداق ئەسكى ئۆيلەرنى تىنتىشتە لىيۇ جىژجۈن بۇ قوتاندىمۇ بەتتەرراق ئۆيلەرنى ياراتمىغاندەك قىلىپ:

— بۇ ئېشەكلەر راستىنلا ئېشەكتەك ئېغىللىردا ئولتۇرۇدۇكەن ئەمەسمۇ! — دەپ كۈلدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى مەسلىھەتچىلەر باشلىقى قەيسەر نېمىشكىدۇر ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئەمما ئۇنىڭ قارشىدا قىلچىلىك ئاغرىنىش، تە بولۇش، ھاقارەت ھىس قىلىش ئالامىتى كۆرۈنمەيتى. ئەكسىچە ئۇ ئۆزى تەۋە بولغان مۇشۇ ناقابىل مىللەتتىن نومۇسى كەلگەندەك، شۇڭا ھېلىقى ئەسكەرگە: «قانداق قىلىسەن، بۇ خەلقنىڭ بېرى شۇ» دەپ ئۆزۈر بايان قىلىۋاتقاندەك بىر چىراي ئىپادىسىدە بولدى. ئىچىدە بولسا: «راست ئەمەسمۇ. ئۆز ئۆيىنىمۇ ئادەمدەك ياسىۋېلىشنى بىلمىگەن بۇ خەق... »دېگەنلەرنى ئويلىدى. لىيۇ جىژجۈن بولسا مۇئاۋىن مەسلىھەتچىلەر باشلىقىنىڭ مىللىتىگە ھاقارەت قىلغىنىدىن خىجالەتمۇ بولمىدى، خۇددى ئۇنى ئۇلاردىن ئەمەس، بىزدىن بىرى بولدۇڭ دەپ ئاۋۇندۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. قەيسەرمۇ ئۆزىنى ئۇلاردىن ئەمەستەك ھىسسىياتتا ئىدى-دە.

كەچ كىردى، بىركۈنلۈك جاپادىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. نەچچە مىڭ ئەسكەر، ئۇنىڭلىغان مىڭبېك بىكاردىنلا بىر كۈن تىمىسقىلىغان بولۇپ چىقتى.

كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئاختۇرۇشتىن ئۆتكەن تەرەپكە ئۆتىۋۋالمىسۇن دەپ ئەنسىرىگەن خىتايلار نەچچە ئون كىلومېتىرلىق دائىرىگە قولى قولغا تېگىدىغان ئارىلىقتا مۇھاسىرە ھالقىسى بولۇپ دەم ئېلىشقا ئولتۇرۇشتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت تەۋە ساقچىخانىدىن كەلگەنلەر ئارقىلىق، كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن ئىبارەت يوچۇقنى تولدۇرۇشقا، دېھقانلار قوشۇنى تازىمۇ ئەسقاتتى. ئۇلار بولغاچقىلا مانا شۇنداق زىچ بىر ھالقا شەكىللەندۈرۈلگەن ئىدى. ھەر كىچىك ئېرىقلارنىڭ كۆۋرۈكىدە نەچچىدىن ئەسكەر كۆزەتكە قويۇلدى.

ئەتىسىگە غەلبىدىن ئۈمىت چوڭ ئىدى. چۈنكى مۇھاسىرە ھالقىسى خوپ تارايغان ئىدى. ئەسكەرلەر يىلاردىن بىكار نان يەپ گازارمىدا يېتىشتىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ھەقىقىي جەڭچىلەردەك جەڭ مەيدانىدىلا يېتىپ، شۇ يەردە سەپەر تاماقلىرى يېيىشىۋاتقىنىدىن بەزىلىرىنىڭ جەڭچىلىك غورۇرى قانائەت تېپىپ، بەكمۇ مەمنۇن كۆرۈنەتتى. بەزىلىرى ھارغىنلىقتىن سۆزلەشكىدەكمۇ مادارى يوق سىڭايان بولۇپ يېتىپ قېلىشقان ئىدى. ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بولسا ئەڭ كۆپ رول ئوينىغانلىقتىن ئۆزلىرىنى تېخىمۇ بەختلىك ھېس قىلىشاتتى. شۇڭا پارىڭى تۈگىمەيلا كېتىشكەن ئىدى. پاراڭ تەبىئىيكى، خىتايچە باراتتى. چۈنكى ئەگەر ئۇيغۇرچە سۆزلەشسە، يېنىدىكى خىتاي سەبداشلارنىڭ راھەتسىزلىنىشىدىن ئەنسىرەيتى. شۇنداقلا، ئۇلاردىمۇ يەنىلا ئۇيغۇرلۇق پىسخىكىسىنىڭ قايتا شەكىللىنىدۇرۇلگەن خۇدۇكسىرەش تېپى بولغاچقا، ئۇيغۇرچە سۆزلەشسە يولداشلارنىڭ گۇمانسىراپ قېلىشىدىنمۇ قورقۇشاتتى.

## ئادەم ئوۋچىلىرى

تاڭ سەھەردىلا ئەسكەرلەر ھەركەتلىنىشكە باشلىدى. ئۆيلىرگە كەتكەن ئاز ساندىكى دېھقان قوشۇنىمۇ قايتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپچۈلۈكى قايتمىغان ئىدى. دېھقانلار قوشۇندىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلاردىلا بولۇدۇغان شەكىلدە ئۆزلەشتۈرۈلگەن شەپكە، بەزىلىرى ياغلىشاڭغۇ شاپاق دوپپا، يەنە بەزىلىرى ياز بولۇشىغا قارىماي تۇماق كىيىۋېلىشقان بولۇپ، تومۇز بولغاچقا كىرلىشىپ كەتكەن كىيىملىرىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن ئىدى.

ئاختۇرۇش يەنە باشلاندى. ئۆگزىدە، ئۆي ئىچىدە، قوتاندا خىتاي ئەسكەرلىرى مىغىلدايتى.

بۇ ئەسكەرلەر يېتىشمەي قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك، مىڭبېك ھىسابىدا ھەركەتكە قوزغۇتۇلغان ئەر دېھقانلار قوللىرىغا چوماق، كالتەك ئېلىشىپ. ئەسكەرلەرنىڭ دۆشكەلەپ تۇرۇپ قىلمىۋاتقان بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشاتتى، بىراق ھەربىر خىتايىنىڭ ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلغۇسى كېلىدىغان بولغاچقا، بىرى ئۇ ياققا بۇيرۇسا، بىرى بۇ ياققا بۇيرۇپ، كاللىسىنى قايدۇرۇۋېتەتتى. كوچىلارغا پاتماي مىغىلداشقان بۇ تەرتىپسىز «خەلق قوشۇنى» ئۆزلىرىنىڭ كىمگە، نېمە ئۈچۈن قارشى كېتىۋاتقىنى توغرىسىدىمۇ ئېنىقراق پىكرى يوق، باشلىقلار چىقىڭلار دېگەندىكىن دەپلا ھاشارغا چىققاندەك چىقىشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاز ساندىكىلىرى ھەقىقىي مېڭىسى

يۇيۇلۇپ، «ئاكۆلىقلاشتۇرۇلغان»دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇلار خىزمەت كۆرسىتىپ، ئېغىزغا ئېلىنىشقا ھېرىسمەن ئىدى.

قاغىلاردەك ئۆگزىلەرگە، دۆڭلەرگە، ئۆستەڭ چۆشۈرگىلىرىنىڭ قاپقاق سۇپىلىرىغا قونۇۋېلىشقان ئەسكەرلەر، ھاشارغا ھەيدەلگەن «خەلق قوشۇنى»نى ئىشەنچسىزلىك بىلەن نازارەت قىلىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار بۇ ئاكتسىز پادىنىڭ بىردىنلا ئەقلىگە كېلىپ، شىردەك ھۆكۈرەپ ئۆزلىرىگە ئېتىلىشىدىن شۈبھىلىك ئەنسىرەپ تۇرۇشاتتى. شۇنداق بولسىمۇ «پۈتۈن خەلق بىز تەرەپتە» ھاۋاسى يارىتىش ئۈچۈن ئۇنى سەپەرۋەر قىلىشتىنمۇ ۋاز كېچەلمەيتى.

ئۆستەڭگە پاخال تاشلانغان چامغۇر ئورىلىرىنى دۈشمەننىڭ يەرئاستى ئىستىھكامى دەپ ئويلاشقان خىتايلار قوناق شاخلىرىنى قورالنىڭ ئۇچى بىلەن قايرىپ، ئورىلارنى ئېچىشىشاتتى. ئۇزۇن نەيزىلەرنى تۇتقان خىتايلار پاخال دۆۋىلىرى، شاخ دۆۋىلىرىگە نەيزە تىقىپ، تەكشۈرۈپ كۆرەتتى. مەلۇم بىر دېھقاننىڭ ئورىسى ئادەتتىكىدىن چوڭ ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭ قىشلىق مېۋىلىرى كۆپ بولسا، شۇلارنى ساقلاش ئۈچۈن شۇنداق يوغان ئورا قىلىۋالغان بولۇشى ئېنىق. بۇ ئورىنىڭ ئېغىزىنى تاپقانلىرىدا خىتايلار دۈشمەننىڭ ئۇۋىسىنى تاپقاندەك خوشال بولۇشتى. ئەمما بىر تەرەپتىن ئۇ يەرگە كىرىشتىن قورقۇپ، تاپقىنىغا پۇشايمان قىلغاندەكمۇ قىلىشتى. ئەڭ ئالدىدىكى ئەسكەر لىيۇ لىن ئورىغا كىرىشكە بۇيرۇلغاندا يۈركى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالايلا دېدى. ئەمما بۇيرۇقنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ، قورقۇشتىن ھەركىتى قولاشمىغان ھالدا ئورىغا چۈشتى. ئورىدا ھېچنېمە يوقتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئۇھ دەپ يېنىك تىن ئېلىشىغا سەۋەب بولغان بولسا، ئۇنىڭ «جاسارەت بىلەن «ئورىغا بىرىنچى بولۇپ كىرگەنلىكى» كېيىنچە ئۇنىڭغا ئامەت كەلتۈرۈدۇغانلىقىنىمۇ مۆلچەرلەشكە بولاتتى. كېيىن ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى تەشۋىق قىلىنغاندا ئورىغا بىرىنچى بولۇپ كىرگىنى ئۈچۈن خوشال بولدى. ئۇ بۇنى قەھرىمانلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغىنىدىن ئەمەس، ئورىغا ئەڭ بىقىن بولغىنى ئۈچۈن، كەينىگە يېنىۋېلىپ، ئارقىسىدىكىنى سەن كىر دېيىشكە مۇمكىن بولمىغىنىدىن مەجبۇر بولغان ئىش ئىدى.

ئىشەك ھارۋىسىدا شەپكىنى قىرلاپ ئۆتتۈۋاتقان دېھقانلار يولدا قورالىق تىمسىقلاپ يۈرگەن خىتاي ئەسكەرلىرىگە قىزىقىش، ئەجەپلىنىش بەلكى ھەۋەس بىلەن قارىشىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. خىتايلارغا بولسا مانا مۇشۇلارمۇ دۈشمەندەك تۇيۇلاتتى. ئۆزلىرى ئىزدەپ يۈرگەنلەر مۇشۇلاردىن بىرى بولۇشى ئېھتىمال ئىدى.

يول بويىدا بىكار ئولتۇرغان ئىككى ياش ۋە بىر بالىنىڭ يېنىغا يېقىنلاشقان خىتاي ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇردىن بىرى بۇيرۇققا بىنائەن گەپ قىلدى. ئۇلاردىن «يېقىن ئارىدا مۇشۇ يولدىن يات ئادەملەر ئۆتتىمۇ ؟» دەپ سورىدى.

— كۆرمىدۇق، — دېدى بالا، ئەمما ئۇ بۇنى تەبىئىي تۇرقى بىلەن دېمەستىن بىر خىل ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى بىلەن دەۋاتاتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭچە بولغاندا ئۇ بىرەر يات ئادەمنى كۆرگەن بولسا ۋە ئەسكەرلەرگە بولۇشلۇق جاۋاپ بېرەلىگەن بولسا مەمنۇن بولارلىق ئىش ئىدى.

موتوسىكلىت مىنگەن، دوپپا كىيگەن بىرى كېلىۋاتاتتى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا يول بېرىدىغاندەك قىلمايتى، شۇنداقلا ئۇمۇ ئەسكەرلەردىن مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك قىلمايتى. بۇ بىرخىل پىسخىك ئاجىزلىق بولۇپ، «مېنى ئوغرى كۆرمىسۇن، مەندىن گۇمانلىنىپ قالمىسۇن» دېگەن ئەندىشە تۈپەيلى، ئۆزىنى قورقمىغانغا سېلىش، نورمال ئادەم، ھەتتا كېرەك تېپىلسا ئەسكەرلەرگە ياردەم بېرىدىغان ئادەم قىلىپ كۆرسىتىشتەك ئۆز-ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى ئۇنى زورلاپ تۇرغاچقا، ئۇ ئىختىيارسىز ئاستىلاپ قېلىۋاتاتتى.

يېڭى مەلۇماتقا ئېرىشتى. بىر دېھقان ئايال بىرنەچچە ياش بالىنىڭ ئۆزىدىن نان سورىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ قويدى. بۇ يېڭى مەلۇمات ئەسكەرلەرنىڭ دۈشمەنگە بەكمۇ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايتى. شۇڭا ئۇلار دەككە-دۈككە ئىچىدە شۇنچىلىك ئېھتىياتقا چۈشتىكى، بۇ بىر بىراگادىنىڭ ساندىكى قوشۇنىنى خۇددى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ۋە كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كەلدىمىكىن دېگۈدەكلا ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قارشىسىدا قورالسىز توققۇز نەپەر ياش بارىدى خالاس!

قوناقلىق ئادەملەرنىڭ ئارىلاپ مېڭىشى بىلەن شاخ-يوپۇرماقلار شۇنچىلىك شاراقلارىتكى، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ جېنى چىقاي دەيتى. بۇ شاراقلاش ئۇلارغا ئەجەلنىڭ شەپىسىدەك تۇيۇلاتتى. ھەر قەدەمدە پەسكە ئولتۇرۇپ ئالدى تەرەپلەرگە زەن سېلىشاتتى. چۈنكى قوناقلارنىڭ ئۈستى تەرىپى يوپۇرماقلىق بولغاچقا بەك قويۇق كۆرۈنەتتى. پىت كۆزلۈك خىتايلار ھېچنېمە كۆرەلمەيتى. قوناق شاخلىرىنىڭ پاچاقلىرى يالىڭاچ بولغاچقا بىر ئاز ئۇزۇن ئارىلىقلارنى كۆرگىلى بولاتتى.

كېپەزلىك قىرلىرىدا، قوناقلىق قىرلىرىدا خۇددى سول ئېلىش ئۈچۈن قاتار تۇرۇشقاندەك، خىتايلاردىن بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان «خەلق قوشۇنى»كالتەكلىرىنى تۇتۇپ، ھاڭقىيىپ، نېمە بولۇۋاتقاندۇ، نېمە قىلىدىغاندۇق؟ دەۋاتقاندەك قارىشاتتى. بىر-بىرى بىلەن گەپلىشىشتىنمۇ قورقۇشاتتى.

دېھقانلار قوشۇندىكىلەردىن بىرى مەلۇم بىر قوناقلىق ئىچىدىن بىر توقاچ نان تېپىۋالدى. بۇ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ توچكىنى يېگىنىشتە موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. بۇ ئېتىز بەكمۇ چوڭ ئېتىز بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىرچە، كەڭلىكى 30 مېتىرچە كېلەتتى. ئەگەر يوشۇرۇنماقچى بولغان بىر ئادەم ناھايىتى تەبىئىيكى مانا مۇشۇنداق ئېتىزنى تاللايتى. ئېتىز مەركىزىنىڭ قىرلاردىن ئۇزاق بولۇشى، كۆرۈنمەسلىككە ئەڭ ئۇيغۇن كېلەتتى. ئەمدىن مۇشۇ چوڭ ئېتىز نىشانغا ئېلىنىشى بىلەنلا، بارلىق ئەسكەرلەر، كالتەكچى دېھقانلار خۇددى «قارا-قارا قۇشلارىم» ئويۇنىدا سەپ ئېلىشقاندەك بىر-بىرىگە تېگىپ دېگۈدەك تىزىلىشتى.

قوناقلىقتا بەك ئۇزاقنى كۆرگىلى بولمىغاچقا بىر مېتىرلا ئارىلىقتىن بىرسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايتى. شۇڭلاشقا جىيا خۇيلۇ قەتئىي تۈردە قوناقلىقنى تامامەن نابۇت قىلىشقا — قوناقلارنى قايرىپ ياتقۇزۇپ ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق بەردى. قوناقلار ئۇزۇن نەيزىلەرنىڭ سېپى بىلەن بېسىلىپ، نابۇت قىلىندى. بۇ قوناقلار بۇ ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى بويىچە بولغاندا دۆلەتنىڭ مۈلكى ھېساپلىنىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى بۇ ھۆكۈمەت «يەر دۆلەتنىڭ، سۇ دۆلەتنىڭ» دېگەننى ئاساسىي پىرىنسىپ قىلغان ئەمەسمۇ؟ چۈنكى بۇ دۆلەتتە ئاخىرقى ھېساپتا شەخسىي مۈلك بولمايتى. ھەتتا چېكىنغا چېقىقاندا پۇخرالارمۇ دۆلەت مۈلكى ئىدى. ئەمما مەلۇم مۈلك ئۇيغۇرنىڭ قولىدا بولغىنىدا بۇ ئومۇمىي قائىدىدىن چىقىلاتتى. ئەمەل قىلمىسىمۇ بولۇۋېرەتتى. بۇنداق «ئۇيغۇرنىڭ مەسئۇلىيىتىگە بېرىلگەن دۆلەت مۈلكى»نى نېمە قىلسىمۇ قىلاتتى، ئاخىرىدا ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئالمىغاندىن تاشقىرى، زىياننى ئاشۇ ئۇيغۇرنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويىۋېرەتتى. ئۇ ئۇيغۇر باشتا گويا گۇناھكارلارچە قول قوشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا قاراپ تۇرغاندەك، بۇ زىياننى تۆلەشكە كىم مەسئۇل؟ دېيەلمىگىنىدەك، ئىش ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆز ئۈۋالى ئۆزىگە بولۇپ قېلىۋېرەتتى، ئەرز-شىكايەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتى. جۈرئەت قىلغان تەقدىردىمۇ قەيەرگە، كىمگە بارىدۇ؟ ئاڭلايدىغان كىم بار؟

قوناقلىق زىچ قورشاۋغا ئېلىنغان بولسىمۇ ئەمما بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قوناقلىقتىمۇ ياكى مەلۇم قىسمى باشقا يەردىمۇ؟ نامەلۇم بولغاچقا، ئارقىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراشتىنمۇ قورقۇپ تۇرۇشاتتى. قورقۇنۇچ شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، قوللىرىدىكى ئاپتوماتلارنى قۇرۇلغا ئالغان ھالدا ئىلگىرىلەشنى خەتەرلىك دەپ ھېساپلاپ، دۈشمەن كۆرۈنمەي تۇرۇپ قۇرۇلغا ئالماسلىقتا قارار قىلىشقان ئىدى. چۈنكى جەڭچىلەرنىڭ قورقۇنۇچتا پاتقان كەيپىياتىدىن قارىغاندا ئۇلار بىرەر شەپىنى سەزگەنلىرىدە قورقۇنۇچتىن ئاڭسىز ھالدا تەپكىنى بېسىۋېتىشى، نەتىجىدە ئارقىدىكىلەرنىڭ ئوقلىرى ئالدىدىكى جەڭچىلەرگە تېگىپ كېتىشى مۈمكىن ئىدى.

ئۇزۇن نەيزە تۇتقان ئەڭ ئالدىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر، دېھقانلار قوشۇنى قوناقلارنى يەرگە ياتقۇزۇپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا بەتلەنمىگەن ئاپتوماتلىرىنى ئالدىغا قارىتىپ خىتايلار كېلىشەتتى. بۇيرۇقتىكى تاپىلاشتا قوناق

شاخلىرىنىڭ قايرىلغانلىرى، يوپۇرماقلارنىڭ قايرىلغانلىرى بارمۇ-يوق، بۇلارغا دىققەت قىلىپ ئىلگىرىلەش، بۇ بەلگىلەردىن دۈشمەنلەرنىڭ كونكرېت ئورنىنى قىياس قىلىش ئىزىپ ئىچۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۇزۇن نەيزىلەر بىلەن، ئارا، گۈرجەكلەر بىلەن ئۇزاقتىنلا قايرىپ ياتقۇزۇلۇۋاتقاچقا، ئىز-بەلگىلەرگە زەڭ سېلىشنىڭ ئىمكانى تۈگىگەن ئىدى.

دۈشمەن ئومۇمنىڭ دۈشمىنى بولسىمۇ جان شەخسنىڭ بولغاچقا، ھەر بىر خىتاي ئەسكىرى قورقۇنۇچ بىلەن خىزمەت كۆرسىتىش ئىنتىلىشى ئارىسىدا سەراسىمە بىلەن پىرىم قەدەمدىن ئىلگىرىلەپ باراتتى. دۈشمەنلەردە قورال يوق ئىدى. بۇنى ئېنىق بىلىشەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن بولغاچقا ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئۇرۇنماستىن ئېتىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما جەڭچىلەردە بولسا ھايات قېلىپ خىزمەت كۆرسىتىشتىن كەلگەن ئەۋزەللىكلەردىن بەھرىلىنىش تاماسى كۈچلۈك بولغاچقا ھېچبىرىنىڭ ئۆلگۈسى يوق ئىدى.

ئەسقەرنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان لىيۇ جىنجۈن بىردىنلا ئالدىدا بىر قارا نەرسە كۆرگەندەك بولدى. ئۇ ئاپتوماتنىڭ زاتورىنى تارتقۇچىلا ئالدىدىكى قارا كۆرۈنگەن نەرسە لەككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر نەپەس ئارىلىقىدىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خىتايغا ھۇجۇم قىلدى. لىيۇ جىنجۈن ئۇتتۇر چىشلىرىنىڭ زىڭىلداپ كەتكەنلىكىنى ھىس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتوماتنىڭ تەپكىسىنى جان —جەھلى بىلەن باستى. باشقا خىتايلار بەك قورقۇپ كېتىشكىنىدىن نېمە بولۇۋاتقىنىنى ئاڭقارماستىنلا قوراللىرىنى ھاپىلا-شاپىلا بەتلەپ، ئالدى تەرەپكە قارىتىپ ئۆلگۈچىسىگە ئوق ياغدۇرۇشتى.

قەيسەر پۇتىنىڭ تۆۋىگىلا ئۇچۇپ چۈشۈپ سانجىلىپ قالغان پىچاقتىن شۇنچىلىك قورقۇپ كەتتىكى، ئۆكتىسىغا چۈشمەسلىك ئۇچۈن ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋالدى. بۇ پىچاق لىيۇ جىنجۈنگە ئېتىلغان بۆلگۈنچىنىڭ قولىدىكى پىچاق بولۇپ، ئوق تەككەندىن كېيىن ئۇنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىققان ئىدى. قەيسەر بىر نەچچە سېكونتلۇق ئاشۇ غالىلداشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تاپانچىسىدىن ئالدىغا قارىتىپ ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇ ھېچقانداق نىشاننى كۆرمەيتى. پەقەت قاتتىق قورقۇش ئېلىپ كەلگەن كىرىزىس تۈپەيلى، كۆزلىرى بىرنېمە كۆرمەس بولۇپ قالغاندەك، ئەقلى قېتىپ قالغاندەك، ئوق ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ ئاتتى خالاس.

لىيۇ جىنجۈننىڭ ئاپتوماتىدىن ۋە ئارقىدىن باشقىلارنىڭكىدىن ئېتىلغان ئۆلگۈچە ئوقلارنىڭ زىچلىقى تۈپەيلى قوناقلارنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرىنى پاختا ئاتقاندەك توزۇتۇۋەتتى. ئۇششاق توزۇغان بۇ پېشىل توز ۋە تىتىلغان يوپۇرماقلار ئاۋال بىر ئاز كۆككە ئۇچۇپ، ئاندىن ئاستا لەيلەپ جەسەتنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، خۇددى ئۇنى

جەننەتتە يېشىل چىمەنلەرگە ئوراپ قويغاندەك كۆمۈۋەتكەن ئىدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ كېپەنلەنمەيدىغانلىقىدىن، يېشىل توزلاردىن يوپۇق يېپىپ جەننەتكە ئۇزۇتۇۋاتقاندەك بىر كۆرۈنۈش بېرەتتى.

ئوق ئاۋازلىرىدىن چۆچۈگەن جىيا خۇيلۇ ئېتىزلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن يۈگرەپ كېلىپ:

— نېمە بولدى؟ نېمىگە ئوق چىقاردىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئەنسىزلىك بىلەن.

بۇ توپتا قەيسەر كوماندىر ئورنىدا بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلۇقىدىن ئەسكەرلەر ئۇنى كۆزگە ئىلمىگەچكە، ئۇنىڭ رېپورت قىلىشىغا ھالاقىت بېرىپ، چوكۇلدۇشۇپ تەڭلا سۆزلەپ كېتىشتى:

— تېرورچىغا يولۇقتۇق، شاۋلىيۇغا ھۇجۇم قىلدى، شۇڭا ئوق چىقاردۇق...

بۇ چاغدا ئاغزىدىن قان ئېقىۋاتقان لىيۇ جىڭجۇن غالىپلارچە كۈلۈمسىرەپ، باشلىقنى ئۆزىنى كۆرسەتتى.

— نېمە، يارىلاندىڭمۇ؟

— قاتتىق بىرنېمە چىشىمغا تەگكەندەك قىلدى، بىلمەيمەن، چىشىم چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ياراڭغا قارا، كەينىگە يان.

— ياق، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشنى داۋام قىلىمەن، يارام ئېغىر ئەمەس، — دېدى شاۋلىيۇ ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي.

— ياخشى، ھەر مىللەت خەلقى كۆرسەتكەن خىزمىتىڭنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ دىققەت قىل.

جىيا خۇيلۇ كەلگەن تەرىپكە كەتمەي، شۇ تويپتا قالدى. ئۇ كۆكلىدە جەڭنىڭ ئەڭ قىزىغان يېرىدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلماقتا ئىدى. ئەمدى باشقا بىر تەرەپتىن ئۆلگۈچە ئوق ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى!

***

چوڭ ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىۋېلىشقان مۇجاھىتلار قوناقلىقنىڭ تامامەن قورشالغانلىقىنى بىلىشتى. ئۆلۈمنى ئاللىقاچان ئىختىيار قىلىشقان بولۇشىغا قارىماي، جاننىڭ تاتلىقلىقى قورقۇنۇچ سېلىپ تۇراتتى. شەيتان ئۇلارغا ھايات قېلىشنى شىۋىرلايتتى. ھاياتتىن ئېلىنىدىغان لەززەتلەر ھەققىدە ۋەدىلەرنى بېرىپ، ھايات قېلىش ئۈچۈن قۇترىتماقتا ئىدى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ھايات قېلىشى ئۈچۈن، تەكرار پانىينىڭ لەززەتلىرىنى تېتىشى ئۈچۈن بىرلا يول بار ئىدى: مۇناپىق بولۇش!

ئابدۇرېھىم سەبداشلىرىنىڭ ۋەھىمە ئىچىدە روھى چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلاپ، ئەقلىنى يىغالماسلىق تۈپەيلى دۈشمەنگە قارشى پىلانلىق قارشىلىق قىلالمايلا قولغا چۈشۈپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى مۆلچەرلىدى. شۇڭا ئۇ ئۇلارنى مەنەۋىي جەھەتتىن قۇۋۋەتلەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ، ساھابىلەرنىڭ جىھاتلىرىنى، ئۇلاردىكى قىزغىنلىقنى، شېھىت بولۇشقا بولغان ھېرىسمەنلىكنى ئەسلەتتى، جەننەتتىكى يۈكسەك دەرىجىلەرنى ئەسلەتتى. ھايات قېلىشتا كۆرۈشلىرى ئېھتىمال بولغان ئازاپ-ئوقۇبەت، خورلۇقلارنى تىلغا ئالدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قىلغان- ئەتكەنلىرىنى ئەسلەتتى.

— ئۆزەڭلىنى قولغا ئېلىڭلا، بوشاپ كەتمەڭلا، ئۆزەڭلانى يوقۇتۇپ قويساڭلا، چەبدەسلىكىڭلا بولمايدۇ. دۈشمەنگە ئۆتۈملۈك زەربە بېرەلمەيسىلە، ئاللاھ بىز بىلەن.

— ئاللاھ بىز بىلەن! — دەپ تەكرارلىدى ئابدۇسالام.

— شېھىت بولۇشقا رازىمىز، تىرىك قولغا چۈشمەيمىز! — دېدى قەييۇم.

ئانارگۈلنىڭ ئېرىلا ئايالىغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا قاراپ قويىدى. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق نەمۇنىسى كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاياللىدىن ئەنسىرەش، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوق تېگىپ يىقىلىشىنى كۆرۈش تەسەۋۋۇرى ئۇنىڭ تېنىنى جۇغۇلدۇتۇپ، دەرماننى قۇرۇتماقتا ئىدى. بۇ قاراشلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن ئانارگۈل ھەم ئېرى، ھەم كۆرەش سەبدىشى بولغان يىگىتنىڭ مەسۇم-مەسۇم قاراشلىرىدىن كۆڭلى يۇمشىغان ھالدا:

— ئۆزلىرىنى تاشلىۋەتمىسىلە، ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنى بولۇدۇ، مەندىن ئەنسىرەپ ئۆزلىرىنى تۈگەشتۈرمىسىلە، ئاۋال مەن كېتەي، يوللىرىغا پاياانداز سېلىپ كۈتۈپ تۇرۇمەن، مېنى دەپ ئىككىلىنىپ قالمىسىلا،... — دېدى.

شۇ چاغدا يېقىنلا بىر يەردىن ياغدۇرۇلغان ئوقلار ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن، يانلىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. ھەتتا بىر نەچچە ئوق مۇجاھىتلاردىن بەزىلىرىگە تېگىپ، يەرگە يىقىلىپ چالا بوغۇزلانغان قويدەك ئېچىنىشلىق پۇت ئېتىشقا باشلىدى. ئانارگۈل ئىختىيارسىز ھالدا ئېرىگە مەھكەم چاپلىشىۋالغان، بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىگە قاراپ قارچۇقلىرى قېتىپ قالغاندەك، گاڭشا بولۇپ، يەر پىتىراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. توپتىن بەش - ئون قەدەم نېرىدا دۈشمەننى كۈتۈۋاتقان قاراۋۇللار شېھىت بولغان، ئۇلارغا ئاتقان ئوقلار قوناقلىق ئوتتۇرىسىغا ئۇچۇپ كېلىپ، ھېچقانداق نىشانغا ئېلىنمىغان ئەھۋالدا كۆتۈلمىگەن شەكىلدە بىرنەچچەيلەننىڭ جېنىنى ئالغان ئىدى. ئوق چىققان تەرەپنىڭ قارشىسىغا ئىختىيارسىز سىلجىغان مۇجاھىتلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا قولتۇقلۇشۇۋالغان ئەر-خوتۇنلارغا تۇنجى بولۇپ بىر دېھقان يىگىت ئارا بىلەن ھۇجۇم قىلدى. بۇ «مىنبىڭ» دېگەن ئات بىلەن شىلاپ ئېلىپ كېلىنگەن دېھقانلار قوشۇنىدىن بىرسى ئىدى. كۆز ئالدىدا سەپداشلىرىنىڭ جېنى چىقماي تېپىرلاشلىرىنى كۆرۈپ ئاللىقاچان كونتروللۇقنى يوقاتقان يىگىت، يېقىنىدا چاپلىشىپ تۇرغان ئايالنى بىلىكى بىلەن ئارقىسىغا داجىتىۋېتىپ، ھېلىقى ئاتالمىش «مىنبىڭ»غا ئېتىلدى:

— كېلە، ئىمانسىز! كېلە مۇناپىق، جوھۇت!

— سەن مۇناپىقمۇ، مەنمۇ؟ كېلە بۆلگۈنچى!

يىگىت بېقىنىغا سانجىلغان ئارىنى تۇتۇۋېلىپ، بار كۈچى بىلەن ئۆزىگە تارتقان ئىدى، مىنىبىڭ مۈدۈرگەنچە دۆگجۈپ ئالدىغىلا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىگە زەرب بىلەن خەنجەر ئۇرۇۋەتتى. مىنىبىڭ يەرگە يىقىلغاندىن كېيىنمۇ تىپىرلاپ، پۇت ئېتىپ، نالە-زار قىلىپ ياتتى. ئەمما ئۇنىڭغا تەكرار پىچاق تىقىشنى ھېچكىم خالىمىدى.

ئۇنىڭ نالە-زارى ختايلارغا سىگنال بولغاندەك، ختايلار بۇ ياقتىن قارا-قويۇق ئوقنا تۇتتى. قوناقنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرىنى كۆككە توزۇتقان ئېتىشمىلاردىن ئايالنى دالدا قىلىشقا ئۇرۇنغان مۇجاھىد ئەڭ ئالدىدا يەرگە يىقىلدى. ئەسلىدە ئايالنىڭ تۇتۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاۋال ئۇنىڭ كېتىشىگە كېلىشكەن بولسىمۇ، تەبىئي يىگىتلىك تۇيغۇسى، ئايالنى دالدا قىلىشقا ئۈندىگەچكە، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى دالدىغا ئالغان ئىدى. پۈتۈن كۆكسى تىتىلىپ، بىردەمدىلا ھەممە يەرنى قانغا بويىغان ھالدا يەرگە يىقىلغان ئېرىگە قاراپ، ئانارگۈل مىت قىلماستىن تۇرۇپ قالغىنىدا يەنە بىر نەچچە تال ئوق ئۇنىڭ بىر بىلىكىنى بېغىشىدىنلا ئۈزۈۋەتتى. ئۇ شۇئان ھۇشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى.

بۇ يەردىكىلەردىن ئابدۇسالامنىڭ بېشىغا بىر مۇنچە ئوق بىراقلا تەككەچكە بېشى تىتىلىپ، ئۇششاق پارچىلىنىپ، ئەتراپقا توزۇپ كەتكەن، قان ئارىلىشىپ كەتكەن مېڭە قېتىقى قوناق شاخلىرىنى بويىغان ئىدى. تىرىك قالغانلاردىن ئىمام، ئابدۇرېھىم پۇتىدىن يارىلانغاچقا يەرگە يىقىلغان، ئەمما يەنىلا دۈشمەندىن بىرەرنى بولسىمۇ ئۆلتۈرۈپ ئاندىن شېھىت بولۇش ئۈمىدىدە قولىدىكى پىچاقلىرىنى مەھكەم سىقىمدىغان ھالدا سۈرۈلۈپ، دۈشمەن تەرەپكە ئۈمۈلەشتى.

نەيزىلەر بىلەن بېسىلىپ ياتقۇزۇلۇۋاتقان قوناقلارنىڭ دالدىسى بارغانسېرى يوقۇلۇۋاتقاچقا، ئېتىز ئوتتۇرىسىدا قالغان ئازراقلا ئۆرە قوناقلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇرېھىم بىلەن ئىمامنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. ئانارگۈلنىڭ ھۇشسىز گەۋدىسى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بىرنەچچە قەدەم نېرىدا ياتاتتى. ئىككى يىگىت دۈشمەنگە قاراپ سىلجىشتىن توختىدى. ئەمدى دۈشمەن ئۆزى ھۇجۇم قىلىشى تەبىئي ئىدى. پىچاقلىرىنى مەھكەم تۇتقان قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرقى ئارىلىق نەيزىلەر بىلەن ياتقۇزۇلۇپ، مۇجاھىتلار ئېنىق كۆرۈنۈشى بىلەنلا، قورققاق دۈشمەن چېپىپدا توختىدى.

ئۇلارنىڭ ياردارلىقى، دۈشمەنگە مەدەت بولۇپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ھېچبىرى بۇ ئاخىرقى دەملەردە بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقۇشنى خالىمىغاچقا، پىچاقتىن قورقۇپ جايىدا توختىغان ئىدى. تۆرتىمىڭغا يېقىن ئادەم ئوۋچىلىرى ئىككى نەپەر ياردار مۇجاھىتنىڭ قولىدىكى پىچاقتىن قورقۇپ، ئېتىلىپ بېرىپ قولىغا كەلەپچە سېلىشقا

جۇرئەت قىلالمايۋاتاتتى! كىمنىڭمۇ ئۆلگۈسى كەلسۇن؟ يەنە كېلىپ بۇ دېگەن جەڭ ئاخىرلىشىپ، غەلىبىنىڭ ئۆزى كۆرۈنۈپلا تۇرغان چاغ تۇرسا!

مۇجاھىدلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىلماقچى بولسىلا، دۈشمەن ئۇلارغا ئوق چىقىراتتى، ئۇلارمۇ سەبداشلىرىنىڭ ئارقىسىدىن شېھىت بولۇپ كېتەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار يارىدار بولغاچقا ئورۇنلىرىدىن تۇرالمىدى، ئەمما پىچاقنىمۇ تاشلىمىدى. ساقچىلار ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئۆز روللىرىنى جارى قىلدىغان پۇرسەت كەلگەندەك بولۇپ مەمنۇن بولۇشۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇلار تۇشما-تۇشتىن:

— قولۇڭدىكى تاشلىۋەت، بولمىسا خاپىلىق تارتىسەن.

— قولۇڭدىكىنى تاشلىۋەتسەڭ ھاياتلىق يولى بېرىمىز. تاشلىۋەت.

— ھەي، تاشلىۋەت قولۇڭدىكىنى تاشلىۋەت، — دېگەننى تەكرارلاشتى. بىر پىچاق تۇتقان دېھقان بالىسىغا پېقىن يولىيالماي تۇرغان قۇراللىق يۈزلىگەن ئازاتلىق ئارمىيە باتۇرلىرى ئۇنىڭ پىچاقنى تاشلىشىغا قاراپلا قېلىشقان ئىدى. ھېچكىمنىڭ ئۆلگۈسى كەلمەيدىغان بولغاچقا، ھېچكىم ئالدى بىلەن ئۇلارغا تاشلىنىشنى خالىمايتتى.

ئابدۇرېھىمنىڭ روھىنى قىينىغىنى تىرىك قولغا چۈشۈپ قېلىش، قىيناقلاردا ئازاپلىنىشمۇ ئەمەس، بايىقى ئۇيغۇر ئەسكەرنىڭ سۆزلىرىدىكى مەنتۇلۇق ئىدى. «قولۇڭدىكىنى تاشلىۋەتسەڭ ھاياتلىق يولى بېرىمىز!»نەقەدەر ئەقىلسىز ئىنسان —ھە! بۇ گەپتىكى «مىز» ئۆملۈكى «خىتايلار بىلەن بىللە» دېگەننى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ قانداشلىرىدىن بىرى شۇئاندا ئۆزىنى خىتايلار بىلەن بىر تۇتۇۋاتاتتى! ئاندىن ئۇ دېگەن «ھاياتلىق يولى» نېمە ئۆزى؟ ئالدى بىلەن خىتايلارغا ئىشىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «بېرىمىز»نى دەۋاتقان يىگىت بولسا سۆزلىرىگە ئىگە بولالىغۇدەك سالاھىيەتتە ئەمەس، خىتايلار ئالدىدا بىر قورالدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۈچىنچى تەرىپىدىن ئېيتقاندا بۇ «ھاياتلىق يولى» خائىنلىق ئىدى! شەرتى خائىن بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى! بۇ پەقەتلا «قولىدىكىنى تاشلىۋېتىش»نى شەرت قىلمايتى، ئەلۋەتتە.

قورقۇنۇچ، ئەنسىزلىك، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە ياشاش ئىستىكى ئارىسىدا سىقىلىپ، نېرۋىلىرى كېرىلگەن خىتاي ئەسكەرلىرى جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتلەردىن تامامەن چارچىغان ئىدى. تىرىك تۇتۇش مەخسەت بولغاچقا مانا

شۇنداق قورال تاشلاشقا دەۋەت قىلىندى دېسىمۇ ئاقىۋىتى ئويلاشقاندىن كېيىنلا شۇ ئىدىكى، قارشىسىدىكىلەردە ئوق ئۈزگۈچى قورال ئەمەس پەقەت پىچاق باردى. بۇنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ھېچ بولمىسا بەيزە بىلەن تىرەپ تۇرۇپ بولسىمۇ بىرەرسى ئارقىسىدىن كېلىپ قوللىرىنى قايرىشقا جۈرئەت قىلالماستىن، سائەتلەرگە سوزۇلغان «قولۇڭدىكىنى تاشلىۋەت، پىچاقنى تاشلىۋەت» دېگەن يېلىنىشلەرگە قارالسا خىتاي ئەسكەرلىرىدىكى جاسارەتنى پەھم قىلىش تەس ئەمەستى.

ئابدۇرېھىمنىڭ خىيالى بۇ يەردە ئەمەس ئىدى. ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىدى. شېھىتلىكنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولمىغانلىقىغا بەكمۇ كۆڭلى يېرىم بولدى. تىرىك قولغا چۈشۈدۇغانلىقى كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ھالدا ۋەھشىيلىكتە ئەڭ يۈكسەك سەۋىيە ياراتقان خىتايلارنىڭ قولىدا كۆرۈشى ئېنىق بولغان ئازاپ-ئوقۇبەتلەر ھەققىدە ئويلاپ تېنى شۈركەنمەي قالمىدى. قورقمىدى، دېگەن سۆز ئەلۋەتتە بىر نورمال ئىنسان ئۈچۈن ئېيتىلسا يالغان بولاتتى. ئۇ قورقۇۋاتاتتى. ئەمما جاننىڭ تاتلىقلىقىدىن ئەمەس، ئازاپلاردىن، ئازاپلار، بىھۇش قىلىشلار،... نەتىجىسىدە سىرلارنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، مۇناپىق بولۇپ كېتىشتىنلا قورقاتتى. ئەگەر ئۆلۈش بولۇدۇغان بولسا ئۇ ئۆلۈمنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىشقا تەييار ئىدى، ئەمما جان ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، ئۇنى ئېلىش ياكى قويۇشمۇ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇدۇغان ئىشكەن ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بۇنى تەقدىر دېمەيدىغان بولساق، باياتىنقى زىچ ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ئىچىدە ھايات قېلىشنى قانداق چۈشەندۈرگىلى بولا؟ زىچلىقىدىن ئانارگۇلنىڭ بىلىكىنى ئۈزۈۋەتكەن ئوقلاردىن بىرنەچچىسى نېمىشكە بۇلارنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگمىدى؟ بۇ ئاللاھنىڭ «ئۇتنىڭ ئىچىدە پاختىنى ساقلىغىنى» ئەمەسمۇ؟

شۇلارنى ئويلىغىنىدا ئابدۇرېھىم ئۆزىنى بىر مەنئۇبىي كۈچنىڭ قوغدايدىغانلىقىنى كەشىپ ئەتتى. دېمەك، دۈشمەن قولىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ساقلىسا يەنىلا ساق بولۇدۇ! شۇلاردىن ئېتىكلىشىپ ئۆزىگە كەلگىنىدە دۈشمەن يەنىلا ھېلىقى سۆزنى تەكرارلاپ تۇراتتى. ئۇنى ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولۇشقا ئۈندەۋاتاتتى. ئۇ بىر ئاز ئارقا تەرىپىدە ئۆزىگە يۆلىنىپ تۇرغان سەبدىشىغا لەپپىدە قاراپ قويدى. ئىمامنىڭ يارىسى ئېغىرراقمىدى؟ ياكى، ئاخىرقى دەملەردە شەيتان ۋەسۋەسە قىلىپ، روھىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىمۇ؟

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا ھەركەت قىلىپ مىدىرلىۋىدى، دۈشمەن ئېتىكلىشىپ، يېرىم قەدەم ئارقىسىغا داجىدى ۋە قورقۇش ئارىلاش خىقىرىدى:

— پىچاقنى تاشلاپ تەسلىم بول! كەكچىلىككە ئېرىشىسەن!

پاھ! كەڭچىلىك! دۈشمەننىڭ كەڭچىلىكى، بولۇپمۇ خىتاينىڭ كەڭچىلىكى نېمە ئىكەنلىكى كىشىلەرگە يادقۇ؟ ئىھ، ئەگەر ئۇنىڭ قولىدا بىرەر تاياق بولغان بولسا ياكى يېنىدا بىرەر دەرەخ، تام،... دېگەندەك بىرنەرسە بولسا ئازراقلا تايىنىدىغان بىرنەرسە بولسىلا ئۆرە تۇرۇۋالالايتى. ئۆرە تۇرۇۋالسىلا دۈشمەنگە ئېتىلاتتى. ئۆلتۈرەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلالايتى. ئۇ بىر ئاز بۇرۇلۇپ، ئىمامنىڭ مۆرىسىگە تايىنىپ ئۆرە بولماقچى بولدى. ئەمما ئىمامنىڭ مۆرىسى مەزمۇت ئەمەس، باسقانچە بېسىلىپ كەتتى. دېمەك ئۇ ئېغىر يارىلىنىپتۇ. ئەمما ئابدۇرېھىم ئۆزىنىڭ روشەن پىكىر قىلىشىۋاتقىنىغا قاراپ، ساقىيىپ كەتكۈدەك يارىلانسام كېرەك دەپ ئويلىدى. مانا شۇنىڭ ئۆزى قورقۇنۇچلۇق ئىدى. ھايات ۋە ئۆلۈم، قورقۇش ۋە تەسەللىي، ئۈمىت ۋە ئۈمىتسىزلىك ئارىسىدا روھى سىقىلىپ كەتكەن ئابدۇرېھىم، خىتايلارنىڭ جۈرئەتكە كېلىپ، تېزرەك ئۆزىگە تاشلىنىشىنى تىلەپ كەتتى. بۇنداق روھىي غاجىلىغۇچى ئۇزاققا سوزۇلغان تارتىشما ئۇنى بەربات قىلىۋېتەتتى. ئۇ تۇرۇش ئۈچۈن كۈچۈنۈپ، يەنە ئىمامنىڭ ئاللىقاچان چۆكۈپ كەتكەن مۆرىسىگە تايانغانىدى، ياردار پۇتىنىڭ قاتتىق قاخشاپ كېتىشى بىلەن مۆكچۈيۈپ يىغىلىپلا قالدى. پۇرسەتنى كۈتۈپلا تۇرغان دۈشمەن دەرھال ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇنى بېسىۋالدى. بۇ ئالتە يەتتە ئەسكەرنىڭ ئاستىدا نەپىسى كېلىسىلىپ، مىجىلىپ قالغان مۇجاھىتنىڭ قولىنى بىرى قايرىپ، پىچاقنى ئېلىۋالدى.

كۆرەش ئاخىرلاشقانىدى. يەنى، ئابدۇرېھىم ۋە بۇ يەردە ھازىر خىتاي ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئاخىرلاشقان ئىدى. لېكىن، باشقىلار ئۈچۈن كۆرەش مەڭگۈ ئاخىرلاشمايتى. ئىككى تەرىپىدىن قولتۇقلۇنۇپ، سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ مېڭىلغان مۇجاھىت، خىتايلارنىڭ ئانارگۈلنى ھۇشىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قولىنى بېشىدىكى ياغلىقى بىلەن مۇنداقلا يوملاپ تېڭىپ قويۇپ، ھەيدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ياغلىقى ئېلىۋېتىلگەن ئانارگۈلنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى چۇۋۇلۇپ مۆرىسىگە چۈشۈۋالغان بولۇپ، قانسىرىغان يۈزى ئاقىرىپ، بەكمۇ سۈزۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق سۆرەشتۈرۈلگەن ھالدا يولغا ئېلىپ چىقىلدى.

خىتايلار ئەمدىلا ئۇھ دېيىشىپ، سەپەر ئالدىدا بىر ھازا ئارام ئېلىشتى. ئەتراپتىكى دېھقانلارغا ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ۋارقىراپ، گويا ئۇلار ئۈچۈن تاغنى تالقان قىلىپ بەرگەندەك، ئۆيىدە يېگۈدەك مېۋە-چېۋە بىرنەرسىلەر بولسا ئاچىقىشنى بۇيرۇدى. بەزى بايراق دېھقانلار قورقۇشتىنمۇ كۆرە خۇشامەت، قانغا سىڭىپ كەتكەن قۇلچۇلۇقنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قوغۇن-تاۋۇز دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ، ئۆزلىرىگە بەخت كەلتۈرگەنلىكنى تەلقىن قىلىدىغان بۇ كىشىلەرگە كۆكۈللىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

ئەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىشىۋاتاتتى. يول بويلىرىدا قىزىقسىنغان دېھقانلار — ئەر ھەم ئاياللار، باللار — تۇتۇلغان «قاتىللار»نى ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىدا ئىختىيارسىز يول ئوتتۇرىسىغىراق سۈرۈلۈشتى. ئۇلار نېمىگە بۇنچە قىزىقىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتى. ئەگەر بىرەرسى سوراپ قالسا چوقۇم دېھقانغا خاس سادىدىلىق بىلەن ھەجىيىپ، دولىسىنى قورۇپ تۇرۇشى مۇھەققەق ئىدى. نېمە ئۈچۈن قىزىقىدىغانلىقىنىمۇ بىلىشمەيتى. ئېچىنامدىغاندۇ؟ ئەمما ئۇلاردا ئېچىنىش بولۇشى مۈمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار «قاتىللار»ئىدى. ئۇلار ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈپتۇمىش ئەمەسمۇ؟ يۈرىكىنىڭ قاپتەكلىكىنى قاراڭلار! ئۇلارغا قانداقمۇ ئېچىنسۇن؟! ھۆكۈمەت ئۇلارنى يامان ئادەملەر، تېرورچىلار دەۋاتسا، ئۇلارغا ئېچىنىشى مۈمكىنمۇ؟ ئۇلار چوقۇم يامان ئادەملەر!

ئالدىدا كېلىۋاتقان خىتاي ساقچىلىرى ئۇلارغا قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپ، يولدىن نېرىراق تۇرۇشقا بۇيرۇش بىلەن تەڭ، ھاكۋاقتىلىق قىلىپ قالغانلىرىنى قورالنىڭ پايىنكى بىلەن قوپال ئىتتىرىپ، تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىراشتى. بۇ خۇددى قاشقىرنىڭ ھۆكۈرىشىگە ئوخشايتى. چۈنكى ئۇلار ھازىر بەئەينى شە ئالغان نوچىلار-دە. دۇنيانىڭ ئەڭ ئەخلاقسىز ساقچىلىرى ھېساپلىنىدىغان بۇ خىتايلارنىڭ دۈشمەنلىككە تولغان نەپرەتلىك قاراشلىرىغا ۋە قوپال خاقىراپ ئىتتىرىشلىرىگە خۇددى ئۆزلىرىمۇ ئەيىپكاردەك قىلچە تە بولمىغان، ئەكسىچە ياخشىچاقلىق بىلەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى بىلىككە پېرىمى چۇۋۇلۇپ، پۇچۇق بولۇپ قالغان ئەسكى سۆۋەتنى ئۆتكۈزۈۋالغان، سۆۋىتىدىكى بىر سىقىم چاۋار، بىرنەچچە مونەك ئېشەك تېزىكى سۆۋەتنىڭ ئەسكىلىكىدىن مەيدانغا كەلگەن غېرىپچىلىقتا تېخىمۇ چوڭقۇر مەنا قاتقان، ئۈستىۋېشى توپا-تۇمانغا پۈركەنگەن، ھوشۇقىنىڭ ئۈستىدىراق تۇرىدىغان كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتىنىنىڭ تىزلىرىدا يېڭى ھۆل توپىدىن قالغان ئىزنالار، قېتىپ كەتكەن قوللىرىدا مالغا ئوت ئېلىشتىن قالغان يېشىل داغلارمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال:

— خوپ بولاپتا، قاتىللار! — دېدى ئۇدۇلدىن ئۆتۈۋاتقان ئەسىرلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ. بۇنىڭ بىلەن گويا خىتاي ساقچىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر مەيداندا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى خوش قىلىۋەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

— تۆفي، گۇيلار، دىدارىنىڭ سەتلىكىنى! — دېدى يەنە بىر ئەر دېھقان ئەسىرلەرگە تۆكۈرۈپ، ئاندىن بىر خىتاي ساقچىغا خۇشامەت بىلەن ھەجىيىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىۋېشىدىكى بەربادلىقنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرۇشقا ھاجەت يوق. ئۇ قەلبىدىكى ئاشۇ نەپرەتنىڭ سەۋەپلىرىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتى. پەقەت ئۇلار «پارتىيە يامان دېگەندىكىن يامان» دېگەنگە ئۆگۈتۈلگەن ئىدى. شۇڭا «خەلق ساقچىلىرى» ئاتلىنىپ چىقىپ تۇتقۇن قىلىۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ يامان ئادەملەر ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلمايتى. گەرچە ھېچقاچان «پارتىيەدىن بۇنچە رازى

بولۇشۇمدىكى سەۋەپ نېمە؟ ماڭا نېمىلەرنى بەردى؟» دېگەن سوئالنى سوراپ بېقىشنى، ئۆزىنىڭ ئاشۇ ۋەيرانە تۇرمۇشىغا سېلىشتۇرۇپ، ئاشۇ يوغان گەپلەرنى قايتىدىن ئويلاپ بېقىش خىيالىغا كەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا كومپارتىيىنىڭ ئۆزىنى ئازات قىلغانلىقىدىن گۇمان قىلىپ باقمىغان ئىدى. ئەگەر باشقا قانداقتۇر بىر يامان پارتىيە كېلىپ، ئورنىغا بىر ھۆكۈمەت قۇرغان تەقدىردىمۇ ئاشۇ ئايالنىڭ بىلىكىدىكى سۆۋەتنىڭ تېخىمۇ ئەسكىرىپ، پۈرمى قېلىشىنى ئويلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

ئارقىدىراق تۇرغان بىر بوۋاي بولسا:

— ھەي ي ي، «ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمىگەن» نادان باللا! قاسى شەيتاننىڭ كەينىگە چىگەنسىلە، قاندا بى پوقنى يەپ گۇنا ئىشنى قىلىپ ژۇگەنسىلە!؟ سىڭگەن نېنىڭلانى يېسەڭلا بومماسمىتى! — دېدى بېشىنى چايقاپ. بوۋاينىڭ رەڭگى-روھىدىكى توپا چاڭ، ئۈستىۋېشىدىكى مەينەتچىلىك، غېرىپلىق، بۇ يۇرتلاردىكى ئومۇمىي مىللىي قىياپەتلەرنىڭ يەنە بىر ئۆرنىكى بولۇش بىلەن، ئۇنىڭ قورۇلۇپ كەتكەن تېرىلىرى، بويۇنلىرىدىكى سانسىز قورۇقلار، قاداقلىشىپ كەتكەن قوللىرىنىڭ بارماقلىرى خۇددى قاخشال بولۇپ قالغاندەك ۋە تىنىمسىز ئەمگەكلەردە ئىگىلمەس بولۇپ قېتىپ قالغاندەك بىلىنىشى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆمۈر بويى ھايۋاندەك ئىشلىگەندىن باشقا ھېچقانداق تۇرمۇش لەززىتىنى تېتىپ باقمايدىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. بوۋاينىڭ ساددىلىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىمۇ ئۇلارنىڭ مەڭگۈ يېپىق دۇنياسىغا خاس ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ئاۋۇلارنى «خاتا قىلدى» دەيدىغان قاراش باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، باشقىلارنىڭكىدەك قارىغۇلارچە نەپرەت ئەمەس، ئاتىلارچە كۆيۈنۈش، ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى بار ئىدى.

— ۋاي، ئانام! ئارىسىدا خوتۇن كىشىلەرمۇ بارمىكەن، نېمە؟ ئاينىكا، ئۇزۇن چاچلىق بىرسى تۇرامدا!

— ھە، راس، ئايالكەن، ۋاي، شەرمەندە پاسكىنا! ساڭا نېمە يوق؟ غىت قىسىپ، نېنىڭنى يېسەڭچا! دىدارىنىڭ سەتلىكىنى كۆرمىلما؟ ئادەم دىدارى يوق، سەتنىڭ! گوردىن ئېچىۋالغاندەك!

— شۇنى دەيمە، خوتۇن كىشىگە نېمە يوق؟ ئاجىزلىقىغا تەن بېرىپ سىڭگەن نېنىنى يېمەمدا!؟

— شەيتان، باللا، شەيتان! — دېدى بىرى ئېغىر خۇرسىنىپ، —شەيتان ئازدۇرغان گەپ-تە. ئازماس ئاللاھ، دەپ، بەندە دېگەن ئازىدۇ-دە...

— ھەقانچە ئازسىمۇ دەيمىنا، ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ ئايىغىدىن چىقالايمەنما دېمەمدا، ئەقىلسىز!

ئادەم توپىنىڭ يەنە بىر يېرىدە كىشىلەر بۇلارنىڭ دۆشمەنلىكىنى شۇنداق سۆزلەر بىلەن مۇقىملاشتۇرۇشۇۋاتاتتى:

— ۋاي، «ئاللاھ رىزاسى ئۆچۈن!» دەپ كېتىدىكەنمىش، بۇ نېمىلە، قېنىكىنا، ئۇرغۇيىنى ئۆتتەمەيدۇ، ساپلا خانسۇغا قارشىكەن دەۋاتامتى، ئۆتتەگەننىڭ ھەممىسى ئۇرغۇي ئاينىكا.

— ساقچىلىرىمىزنىغۇ، ئىرغۇي بوسىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ چاپىنىنى كەيدى دەپ ئۆتتەسۇن، مانا بۆگۈننىڭ ئۆزىدە ئاۋۇ كالتەك تۇتقان دىخاندىمۇ بىژنى ئۆتتۆرەپتۇ، دەيدا.

— ھە، شۇ ماۋۇ بىزنىڭ مىڭبىگلىدىن بىژنى يامان يېرىگە پىچاق تىقىۋېتىپتىكەن، دوختۇرغا ئەكىتىپ بارسا ئۆلەپتا دەيدا.

— بۇ گۈيلىنىڭ ئۇرغۇيغا كۆيۈندىغىنىمۇ تايىنلىقكەن، ئاينىكا، كۆدۇق.

— زادىۋاغۇ، ھۆكۈمەت دۆشمەن دېگەندىكىن، دۆشمەن، خەلق ھۆكۈمىتى دېگەن جەلقىنىڭ دېگەن چا.

— 'يولدىن چىقما، خاندىن قوقما» دەيدۇ ئەمەسما، ھۆكۈمەتنىڭ سىزىقىدىن چىقمىسا، شۇنىڭدىن نوچىسى يوق...
ئومۇمەن، 21-ئەسىردە ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ قەدرى، كىملىكى ھەققىدە ھېچنېمە ئويلىمايدىغان، پەقەت
پالتا «دېگەندەك، »پالتا چۈشكىچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ«بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپلا ياشايدىغان
لارغا گول بولۇپ ۋە شۈكرى قىلىپ ياشايدىغان باشقا بىر خەلق بارمىكىن؟ دېگەن سوئال »ئارام«»چۈشكىچىلىك
.ئىختىيارسىز كۆڭۈلگە كېلەتتى

ئەسىرلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئۆزلىرىگە قارىتىپ ئېيتىلغان لەنەتنى ئېنىق ئاڭلاشتى. تۆكۈرۈلگەننىمۇ كۆرۈشتى. ئەمما ئۇلار بۇ خەلقتىن ئەسلىدىنلا بىرنېمە كۈتمىگەن، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۆمىنلىك بۇرچىنى ئورۇنداۋاتىمەن دەپ قاراشقاچقا، ئۇ خەلقتىن ھېچ ئاغرىنمىدى. ئۇلارنىڭ ھېچكىمدىن تامايى يوق ئىدى. «قەھرىمان» دەپ يادلىنىش ياكى گۈلدۈراس ئالقىشلارنى ئويلاپمۇ بېقىشمىغان ئىدى. شۇڭا ئۆزلىرى ئۇچرىغان بۇ تەلۋىلەردەك مۇئامىلىگە ھېچ ئاغرىنمىدىلا ئەمەس، بەلكى بۇ خەلققە ئېچىندى. ئىچىدە ئاللاھتىن بۇ كىشىلەرگىمۇ ھىدايەت ئاتا قىلىشنى، ھىدايەت ئارقىلىق غەپلەتكە پاتقان دىللىرىنى يورۇتۇشنى، ھەق-ناھەقنى كۆرسىتىشنى تىلەشتى. چۈنكى ئۇلار بىلەتتىكى، ئاللاھنىڭ رەسۇلى، دەسلەپكى چاغلاردا مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ تۈگىمەس ھاقارەتلىرى، ئەزىيەتلىرى، زەربىلىرىگە ئۇچرىغان چاغلاردا ئاللاھتىن ئىلھام يولى بىلەن: «ئى مۇھەممەد، مەندىن تىلىگىن، سەنلا تىلىسەڭ مەن بۇ ئادەملەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىمەن، شەھەرلىرىنى گۇمران قىلىۋېتىمەن»دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھنىڭ: «ياق، بۇلارنى كەچۈرگىن ئى، ئاللاھ، بۇلار نادان، بۇلار ھەقنى بىلمەيدۇ. بەلكىم بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتىدىغانلار چىقىپ قالار، بۇلاردىن چىقمىسا، بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن چىقىپ قالار، بۇلارنى كەچۈر، مەن سەبر قىلىمەن» دېگەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇلارمۇ بۇ نادان قېرىنداشلىرىدىن ئاغرىنمايدۇ. ئۇلار نادان بولمىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان ئادەملىرىنى تونۇپ يېتەلەيدىغان بىلىمى بولغان بولسا بۇ كۈنلەرگە قالماسلىقىمىزنىمۇ بىلىدۇ. ئۇنداقكەن نېمشكە ئاغرىنسۇن!؟

ئابدۇرېھىمنىڭ كۆزىگە يول بويىدىكى ئالامانىنىڭ ئىچىدە قاسىم مۇئەززىنىدەك بىرى كۆرۈنۈپ كەتتى. «توۋا، بۇ ئادەم بىزنىڭ تاماشىرىمىزنى كۆگلى مىشاغا كەگەندىمۇ؟ ياكى ئوخشاتتىممۇ؟ مانا مۇشۇنداق مۇئەززىنلەر، ئىماملارمۇ پەرقسىز، نامازنى ئوقۇيدۇ-يۇ، ناماز نېمىگە بۇيرۇيدۇ؟ ئىمان نېمىگە بۇيرۇيدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىمايدۇ. بۇ قانداق ئېتىقاتكىنە؟»

غەلىبە بىلەن قايتقان ئەسكەرلەرنىڭ سېپى جەڭگىۋار قاتارلىرى بىلەن پىيادە مىشا پېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى سەيناغا قەدەر كېلىپ، ماشىنىلارغا قاچىلاندى. ئاندىن يامانياردىن ئۆتۈدىغان يولغا چۈشۈپ، قەشقەرگە قاراپ ئاتلىنىشتى. بۇ چاغدا كەچكى شەپەق غەرپ ئۇپۇقىدا قان رەڭگىدە پەيلغان بولۇپ، غەرپ تەرەپتىكى ئېتىزلىقلارنىڭ ئۇپۇقتا تۇتاشقان يەرلىرىدىكى قوناقلارنىڭ ئۇچلىرى ئەنە شۇ «قان» ئىچىگە پاتقاندەك بىلىنەتتى.

[1] سېنىڭ يۇرتداشلىرىڭ قىلغان ياخشى ئىش توغرىسىدا، — ئا.

- ئالدىنقى بەت <
- < كېيىنكى بەت


**پارچە ئىنكاس 3**

---

***سەرباش دەيدۇكى:***

0


**2013-01-20**



پوۋېستنىغا تولۇقلىما يازغان قېرىندىشىم! ئاللاھ سىزدىن رازى بولسۇن. مەن يېتەرسىز "قانرەڭلىك شەپەق" ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ بولسىمۇ قەھرىمانلارنىڭ ئىز-ئىزلىرىنى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزمەكچى بولۇپ تىرىشتىم. سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشىنى ئېنىق بىلسەممۇ، ھېچقانداق ئۇچۇر ئىگىلەش ئىمكانىم بولمىغان ئىدى. سىزدىن ئاللاھ رازى بولسۇن. مەن بۇنى كىتاپ قىلىپ نەشىر قىلىشتىن ئىلگىرى قوشۇمچە ماتېرىياللار ئاساسىدا قايتا ئۆزگەرتىمەن. يەنە بىر تەلىپىممۇ بار. ئەگەر بۇ ئىنكاسىمنىمۇ كۆرۈشكە نېسىپ بولۇپ قالسا سەممىگىزدە بولسۇن. ماڭا مۇشۇ خىلدىكى ۋاقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ئالتۇندەك كېرەك. مەسىلەن سەمەن ۋەقەسى، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى بولسا رومان، پوۋېست قىلىپ يېزىش پىلانىم بار. ئەپسۇسكى بۇ ھەقتە ھېچقانداق ماتېرىيال توپلىيالمايۋاتىمەن. ئەگەر سىزنىڭ بىلىدىغانلىرىڭىز بولسا، سىز ئىشىنىدىغان دوستلىرىڭىزنىڭ بىلىدىغانلىرى بولسا، مانا مۇشۇ ئىنكاس سەھىپىسىگە يوللاپ بەرسىڭىزمۇ ياكى پىدائىيلارغا يوللاپ بەرسىڭىزمۇ بولۇدۇ. يەنە بىر قېتىم رەھمەت.

***پىدائىي دەيدۇكى:***

**2013-01-13**



پىدائىيلار توردىن كۆچۈرۈپ كىلىندى.

قانىرەكلىك شەپەق پوۋىستىغا تولۇقلىما

قانىرەكلىك "توردىن "ئەيىنەك"ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەتەن ئىچى ۋە ۋەتەن سىرتىدىكى قېرىنداشلىرىم. مەن پوۋىستىنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. يازغۇچىغا كۆپ تەشەككۈرلەر بولسۇن. بۇ مېنىڭ يۇرتۇمغا ۋە مەن "شەپەق بىلىدىغان ئىشلارغا مۇناۋىۋەتلىك بولغاچقا ئىككى ئېغىز گېپىمنى قىلغىم كەلدى. مەن ھېس قىلدىمكى ئەسەردىكى بەزى تەپسىلارلار ۋە ۋەقەلىكلەر ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن بولماپتۇ. مېنىڭ بۇنداق دېيىشىمدە مەن دەل ئاشۇ پەيزاۋاتلىق، ھەم ھازىرمۇ پەيزاۋاتتا. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ كۆز قارىشىمنى بايان قىلاي.

1. ئۇلار پەيزاۋات-يېڭىشەھەر قاراۋۇلخانىسىغا كۈندۈزى ئەمەس كېچىدە ھۇجۇم قىلغان. قاراۋۇلخانىدا بىر خىتتاي كادىر، بىر ئۇيغۇر كادىر بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشا 16-15 ياشلىق يېزا باللىرىدىن 2-3 بالا بار ئىدى. ئۇلاردا ئاپتۇمات ئەمەس، قول تاپانچىسىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا بۇنداق ئادەتتىكى قاراۋۇلخانىغا قورال بەرمەيتى. ھەم ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەسمىي ساقچى يوق ئىدى. ھۇجۇمنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس، ھۇجۇمدىن كېيىن ئۇلاردىن بىرسى ئۆلمەي ئېغىر يارىلانغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قاتتىق قوغداپ، 6-5 كۈندىن كېيىن ھۇشىغا كەلگەندە بەزى ئەھۋاللارنى ئېنىقلىغان(ھۇجۇم قىلغانلارنى سانى دېگەندەك). بۇ ئارىلىقتا جەمئىيەتتە ئۇلارنى خىتتايلار ئۆلتۈرىۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەر تارقىلىپ كەتكەن(چۈنكى ئۆلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار بولغاچقا). مۇشۇ ئىشلار بىلەن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەن.
2. ئۇلار ئۇ يەردىن يېنىپ مىشادا بىر ھەمراھىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان(بۇ دەل ئاشۇ ئايال بولىشى مۇمكىن). ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ ئايال تۇل ئايال بولۇپ، ئاشۇ كۈنلەردە 2-3 كۈندا بىر قېتىم بازاردىن كۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ تۇرغان. بۇرۇن بۇ ئايال ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ باقمىغاچقا، ھەم بىر ئادەم ئۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى 2-3 كۈنچە يەپ بولالمايدىغان بولغاچقا، خوشنا خولۇم ۋە ئۇ ئايال گوش ئالغان قاسساپ قاتارلىقلار گۇمان قىلىپ، بۇ ئىشنى كەنت كادىرلىرى دېگەن، كەنت كادىرلىرى يېزا ساقچىخانىسىغا دېگەن، ساقچىلار تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن بىۋاستىلار ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە كىرگەن. شۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئىككى ساقچى ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە كىرىشىگىلا 10 نەچە مىتىر يىۋاقتا تۇرغان بىر قانچە ئەر كىشى قولىدىكى 2-1.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆزلىرى ياسىۋالغان نەيزىنى ئىككى ساقچىغا قارىتىپ ئاتقان. بىرسىنىڭ دەل كانىيىغا سانجىلىق

ئۆلگەن. يەنە بىرسى ئېغىر يارىلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ ئۆيدىن ئايرىلىپ مىشا، قىزىلئوي، يامانلارنى ئايلىنىپ ئاخىرىدا يېڭىشەھەرنىڭ يېڭى ئېرىق-تازغۇن چېگرالىنىدىغان بىر يەرگە كەلگەن. ھەم ئۇ يەردە ئارشىكارلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردىن 4 مىڭدەك ئەسكەر(بۇ تەخمىني سان بولۇپ، يېڭىشەھەردىكى كۆرگەنلەرنىڭ بايانى، ئەمەلىيەتتە يېڭى شەھەردىلا 10 مىڭدەك ئەسكەر بار) كەلگەن. تازغۇن، يېڭى ئېرىق قاتارلىقلاردىن 11 مىڭغا يېقىن دېھقان قاتنىشىپ ئۇلارنى 3 كۈن ئىزدىگەن، 10مودەك قوناقنى ئورۇۋەتكەن. ئاخىرى ئۇلارنى تېپىپ شۇ ئايالدىن باشقىللىرنى ئېتىۋەتكەن.

3. ئۇلار پەيزاۋاتتا بولسۇن ياكى يېڭىئېرىق-تازغۇن تەرەپلەردە بولسۇن يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۇنچىۋالا ھاقارىتىگە ئۇچرىغان ئەمەس. مېنىڭ بىلىشىمچە ھازىر دىيارىمىزدا پىرىم كىشىلەر بۇنداق مۇھاجىدلارنى قوللايدۇ( يەنى ئۇلارنى تىللىمايدۇ، ھېسداشلىق قىلىدۇ. تىللىغانلارغا رەدىيە بىرىدي). قالغان پىرىم كىشىلەر ھەي بۇلار ئىش تىرىماي سىڭگەن نىنى يىسە بولمامدۇ دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئايرىم قالغان، ئىشەنچلىك دوستلار يىغىلغاندا ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى، كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىنى دېيىشىپ، ھەي ئۇندا قىلماي مۇنداق قىلغان بولسا ياخشى بوپتىكەن، ئاۋۇ يولدا ماڭماي ماۋۇ يولدا ماڭغان بولسا باشقىلار بايقىمايتى دەپ پاراڭلارنىمۇ سىلىشىدۇ. ئۇلارنى تۇتۇپ كوچىدا ئېلىپ ماڭغاندا ئۇنداق تىللاپ، تۈكۈرىدىغان ئادەملەر ئاساسەن يوق.

بۇلار مېنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ يازغانلىرىم. گەرچە يۇقارقىدەك پەرىقلەر بولسىمۇ يازغۇچىغا كۆپ رەھمەت. ۋەتەن ئىچىدىكى مەن بىلگەن تەپسىلاتلارنى بىلمىدىغان يازغۇچىلاردىن بۇنداق ئەسەرلەرنى يازىدىغانلار چىقمىغاچقا ۋەتەن سىرتىدىكىلەر يېزىشقا مەجبۇر بولىۋاتىدۇ. ھازىر خىتتاي، كونترولنى قاتتىق چىڭايتى، يانفۇن ۋە كومپيۇتېرلارنى خالىغان چاغدا تەكشۈرىدۇ. يەنى يولدا كېتىۋارغان كىشىلەرنى خالىغان چەغدا توسۇپ، يانفۇن-كومپيۇتېر قاتارلىقلارنى تەكشۈرىدۇ. بولۇپمۇ قەشقەر ۋە خوتەندە. باشقا شەھەرلەردە ساقال بۇرۇت قويۇۋالغانلارنى بەكرەك تەكشۈرىدۇ. گەرچە مۇشۇنداق سەۋەبلەر بولسىمۇ ۋەتەن ئىچىدىكىلەرمۇ يازاي دىسە يازالايتى، يېزىپ باشقا نامدا مەخپىي ئېلان قىلسا بولىۋېرەتتى. ھازىر ئۇيغۇرلاردىن تورغا چىقالايدىغانلارنىڭ سانى 2 مىليۇندىن ئارتۇق. مەندەك مۇشۇنداق بەتلەرنى كۆرەلەيدىغانلارنىڭ سانىمۇ 50 مىڭدىن كەم ئەمەس. مېنىڭ بىلىشىمچە مەيلى ۋەتەن سىرتىدا بولسۇن ياكى ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ كومپيۇتېردىن، توردىن پايدىلىنىش سەۋىيەسى خېلىلا تۆۋەن، ئۇلار ئاساسەن ئۆزلىرى ئويىدە ئۆگىنىدۇ. مەخسۇس تەربىيەلەش ماۋۇ "ئۇرۇنلىرىدا ئۆگەنمەيدۇ. بەلكىم مەن خېلى ئاتاقلىق يازغۇچى تۇرسام، بۇ يەرلەردە يوردەم باشقىلار دەپ قالارمۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەسلى بىز مۇشۇنداق نىمقان ۋاقىتتا "يازغۇچى كومپيۇتېر بىلمەمدىغاندۇ تېخىمۇ ئۈمىد ۋە جاسارەت بىرىدىغان ئەسەرلەرگە مۇھتاج ئىدۇق. لېكىن يۇقارقىدەك سەۋەبلەرگە كۆرە يازغۇچىلار بۇنداق تېمىلاردا بەك سەزگۈر.

ئەگەر بىزنىڭ يازغۇچىللىرىمىزدا ھەقىقەت ئېڭى تىخىمۇ كۈچلۈك بولغان بولسا، كومپيۇتېردا ھۆججەتلەرنى بىخەتەر ساقلاش ۋە بىخەتەر ئۆچۈرۈشنىڭ ئەڭ ئىلغار ئۇسۇللىرىدىن خەۋەردار بولغان بولسا، تور چەكلىمىسىدىن خالىغان ۋاقىتتا بۆسۈپ ئۆتەلەيدىغان تېخنىكا بولغان بولسا ۋەتەن ئىچىدىكى يازغۇچىلارمۇ بۇنداق ئەسەرلارنى يېزىشى

مۇمكىن ئىدى. مەن ئاشۇ يازغۇچىلارنىڭ مۇشۇنداق تېخنىكىلارنى ئۆگىنىشىنى، ئاندىن تېخىمۇ جاسارەتلىك ئەسەرلەرنى روياپقا چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇلار مېنىڭ ئەسەر توغرىسىدا دەيدىغانلىرىم. قوشۇمچە دىمەكچى بولغىنىم، مەن ئەينەك توربىدا يازما يازالمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ بىكەتتە يېزىۋاتىمەن. قارىسام ماۋۇ بېكەتتىكىلەرمۇ خېلى كۆچەۋاتىدۇ. سىلەرگىمۇ رەھمەت. ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىمەن، ۋەتەن سىرتىدا بېكەت قۇرغانلار: بېكىتىڭلارغا ئەزا بولۇش ۋە يازما يوللاش ئۇسۇللىرىنى تېخىمۇ ئاددىي ۋە قولاي قىلغايسىلەر. خالىغانچە تىزىملاتقىنى بولۇدىغان، خالىغانچە سۆز قالدۇرغىنى بولۇدىغان قىلىپ تەكشەي قويساڭلا، تەستىق سۇئاللارنى كۆپ قىلمىساڭلار، ئامال بار سان ئىشلەرتىسەڭلار. چۈنكى ۋەتەن ئىچىدىكىلەر نەچچە توساقتىن ئۆتۈپ ئاندىن سىلەرنىڭ بېكىتىڭلارنى كۆرەلەيدۇ. مۇرەككەپ پىروگراممىا ۋە مۇرەككەپ بىكەت كۆرۈنىشلىرى ئاشۇ توراقلاردا توسۇلۇپ، بېكىتىڭلار نورمال كۆرۈنمەيدىكەن.

ئاللاغا ئامانەت.